بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



4

2015


مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى

www.uyghurkitap.com




2015 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. زىياپەتكە ليۇ يەندۇڭ، سۈن چۇنلەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋاڭ جىڭۋېي، ما بياۋ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى قاتناشتى.




پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ يەندۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى.



مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۈن چۇنلەن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى.



زىياپەتكە ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ھەمدە پايتەختتىكى ھەر ساھە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.



2015 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى بەندەر ئىبنى مۇھەممەد ھەججار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئادىل ھاجى كېرىم قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.



2015 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئادىل ھاجى كېرىم، مەسلىھەتچى يۈسۈف ما جىن قاتارلىقلار سەئۇدى ئەرەبىستانى تاشقى ئىشلار ۋازارىتى غەربىي رايون مەھكىمىسى باشلىقى مۇھەممەد تەييىب ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى.



2015 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئادىل ھاجى كېرىم، مەسلىھەتچى يۈسۈف ماجىن قاتارلىقلار مەككە شەھىرىنىڭ باشلىقى ئۇسامە بىلەن كۆرۈشتى.



2015 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى باشلىقى ئادىل ھاجى كېرىم قاتارلىقلار سەئۇدى ئەرەبىستانى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن ئەندەرقىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۈسۈف جەۋۋاد، رامىزان تارتقان)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا 2015 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدىكى شىنجاڭ مېھمانسارىيىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولغان قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ يەندۇڭ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇن چۇنلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جېڭۋېي، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما بياۋ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى زىياپەتكە قاتناشتى ھەمدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىدى.

زىياپەتكە تەكلىپ بىلەن يەنە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ يىجيوڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جاڭ چيۇجيەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇن دافا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شاۋ مىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ مىڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى جو شىنپىڭ، جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ شىنخۇا، بېيجىڭ مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى ۋېيشېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئەرەب ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئوماننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئابدۇللا سائاد ۋە 40 نەچچە ئەرەب ـ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، بېيجىڭدىكى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى، شۇنداقلا مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، شىنجاڭ ۋە نىڭشيانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە ھەر ساھە مۇسۇلمان ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى زىياپەتكە قاتناشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە ھېيتلىق سالام يوللىدى، ئارقىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ يىلقى مۇھىم خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى خىزمەتلىرىگە كۆرسەتكەن غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: جەمئىيىتىمىز شىنجاڭدا "ئوتتۇرھال يول تۇتۇش، ئىناقلىق، جۇڭگو ئارزۇسى"نى تېما قىلغان مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. جەمئىيىتىمىز يەنە ئۆز تور بېكىتىنىڭ يانفون نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇندىدار سۇپىسىنى ئاچتى؛ «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىنى تەشۋىق قىلدى؛ "خەيرلىك رامىزان" پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بارلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا پۇل ئىئانە قىلدى، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە خىزمەت ماشىنىسى ئىئانە قىلدى؛ بۇ يىل جەمئىيىتىمىز دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن 14مىڭ 500 ھەج قىلغۇچىنى تەشكىللەپ مۇقەددەس جاي مەككىگە ئاپاردى، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ يىل ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە دۇنيا فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبە قىلغانلىقىنىڭ 70 ـ يىلى. ئىسلام دىنىمىز ۋەتەننى سۆيىدىغان، تىنچلىقنى سۆيىدىغان دىن. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىمۇ ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن قان تۆكۈپ جەڭ قىلغان ھەم قۇربان بەرگەن. بۈگۈن بىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. ئاخىردا، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشىنى، ئىنسانلارنىڭ ئىناق ياشىشىنى، دۇنيانىڭ تىنچ بولۇشىنى تىلەيمەن. ئاللاھ بىزگە ياردەمچى بولغاي، ئامىن!

زىياپەت باشتىن ـ ئاخىر ئىناق، ئازادە، خۇشال كەيپىياتتا ئۆتتى. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد خەۋىرى)

www.uyghurkitap.com

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا 2015-يىللىق قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى ........ (1)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

"كالامۇللاھ"نىڭ قۇرئان كەرىمدىكى سۈپەتلىرى ..........
.......... ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(4)

ساۋاب ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..........
.......... مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا(8)

## قۇرئان كەرىم تەپسىرى

قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى — سۈرە«مۇلك»1-، 2-ئايەتلەرنىڭ قىسقىچە تەپسىرى .......... شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(16)

## ھەدىس شەرىف تەھلىلى

"ئاراڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلىرىدۇر" دېگەن ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى..........
.......... مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(22)

## ۋەز-تەبلىغ

تەكەببۇرلۇق ۋە مەسخىرىۋازلىق توغرىسىدا..........
.......... ھۈسەنجان تۇرەك(27)

ئىسلام دىنى خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدۇ ..........
.......... بەكمۇرزا ئالتۇنباي(30)

پەرزەنت تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى ..........
.......... ئابدۇلئەھەد دولقۇن(33)

## ئەمەل ۋە ئىبادەت

ناماز ۋە جامائەت نامىزى ھەققىدە ..........ئامانۇللا ھېزبۇللا(36)




جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمي 117-سان)
( 季刊 总第117期)

پەخري باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىل ھاجى كېرىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر
مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخنىكا كتور:
شەمشىنۇر ھوشۇر
名誉主编：夏米西丁·哈吉
主编：阿地里江·阿吉克力木
副主编：巴拉提·拉吉甫
编 辑：安尼玩买买提
买买提阿布拉·艾买尔
买买提明·买合木提
美编、排版：夏美希努尔·吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007－5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11－1346/B
邮发代号 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—167

E-mail: hedayet@126.com

جەمىيىتىمىز ئۇيغۇرچە تور بېتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ:
http://uyghur.chinaislam.net.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە


## ئىسلام بىلىم گۈلزارى

ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ........
........................ھۈسەيىن مويىدىن(42)

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدىكى تەرجىمە ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى
ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..............مۇھەممەد ئابدۇرېھىم(48)

ئىسلام لۇغىتى ....................................... (7)

## ئالىم-ئۆلىمالار

ئىسلام ئاخۇن داموللا..............................................
........................... ئىسهاق مۇھەممەد(52)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

مۇسۇلمانلار كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى ........................
..............................مۇھەممەتجان تىلىۋالدى(54)

قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ...............................
.............................. ئارافات ئىسلام(58)

## خەۋەرلەر

2015-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى
(60).......................................................

جۇڭگو ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكىلەرنىڭ "بىر بەلباغ بىر يول" قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى ...(61)

رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن "11-نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى دىنىي داھىيلار يىغىنى"غا قاتناشتى ..(41)

ئۇيغۇرچە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى 2015-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى ....................(63)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: قازاقىستاننىڭ ئاستانا شەھىرىدىكى ھەزرەت سۇلتان مەسچىتى

مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: شاڭخەي شەھىرى شياۋتاۋيۈەن مەسچىتى


بۇ سان 2015-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى


ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.


2015

4

**مەسئۇل ئورۇن:** دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى

**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

**تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

**باسقۇچى:** بېيجىڭ خوڭۋېي شۋاڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى

**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:**

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

**ئادرېس:** بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 100053

**تېلېفون نومۇرى:** (010) 59313090, 59313021

**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:**

ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830002؛

**ئالاقىلەشكۈچى:** مۆھتەرەم شېرىپ، ئىسكەندەر

**تېلېفون نومۇرى:** (0991) 5508069

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局

主　　办：中国伊斯兰教协会

编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部

印　　刷：北京宏伟双华印刷有限公司

订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部

地址：北京市西城区南横西街 103 号

邮编：100053

电话：（010） 59313090，59313021

新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号

邮编:830002　电话：（0991）5508069

联系人：木哈提然木·西日甫,斯坎旦尔

国外发行：中国国际图书贸易公司

（北京 399 信箱）

www.uyghurkitap.com





# ”كالامۇللاھ“نىڭ قۇرئان كەرىمدىكى سۈپەتلىرى

ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قۇرئان كەرىمدە ”كالامۇللاھ“ سۆزى ئۈچ يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىرىنچىسى، «بەقەرە» سۈرىسىدىكى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي ۋەھيىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئايەت: ﴿**(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ(قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى**﴾{سۈرە«بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 75 ـ ئايەت}.

ئىككىنچىسى، «تەۋبە» سۈرىسىدىكى بۇ ئايەت: ﴿**ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى(يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا(يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن(ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى(جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار(ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر**﴾{سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت}.

ئۈچىنچىسى بولسا، «فەتھ» سۈرىسىدىكى تۆۋەندىكى ئايەت: ﴿**(ھۇدەيبىيەگە چىقماي) قېلىپ قالغانلار غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن چىققان ۋاقىتلىرىدا: ”بىزمۇ سىلەر بىلەن چىقايلى“ دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ(خەيبەر غەنىمىتىنى ھۇدەيبىيەگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقتىن) ئىبارەت سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”بىز بىلەن چىقىشىڭلارغا ھەرگىز بولمايدۇ، ئاللاھ ئىلگىرى مۇشۇنداق دېگەن“. ئۇلار: ”ئۇنداق ئەمەس(يەنى ئاللاھ ئۇنداق دېمىگەن)، سىلەر بىزگە ھەسەت قىلىۋاتىسىلەر“ دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار(ئاللاھنىڭ كالامىنى) پەقەت يۈزەكىنە چۈشىنىدۇ**﴾{سۈرە«فەتھ»(48 ـ سۈرە)، 15 ـ ئايەت}.

قۇرئان كەرىمدىكى يەنە باشقا ئايەتلەرگە قارايدىغان بولساق، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەرنىڭ ”قۇرئان مۇھەممەد توقۇغان سۆز ئەمەس، شائىرنىڭ سۆزى ئەمەس، كاھىننىڭ سۆزى ئەمەس، مەجنۇننىڭ سۆزى

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئەمەس...» دېگەنگە ئوخشاش بولۇشىنى شەكىلدە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن توقۇلۇپ، ئاللاھقا نىسبەت بېرىلگەن كىتاب ئەمەس

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن توقۇلغانلىقىغا ئالاقىدار بۇ بوھتانغا بىر نەچچە ئايەتتە رەددىيە بېرىلگەن ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى ئۈچۈن قانائەتلىنەرلىك دەلىل كەلتۈرۈلگەن. يەنى قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقى، ساۋاتى يوق بىر كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمدەك تەڭداشسىز مۆجىزە بىر كىتابنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان: **﴿كۇففارلار: "بۇ(يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ(يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم(يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن" دەيدۇ، ئۇلار(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى﴾**{سۈرە «فۇرقان»(**25** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت}.

بۇ بوھتاننى چاپلىغانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتى يوقلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىلاھىي ۋەھىيگە قارىتا گۇمان تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بۇ بوھتاننى توقۇپ چىقارغان.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان: **﴿ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى﴾**{سۈرە «ئەنكەبۇت»(**29** ـ سۈرە)، **48** ـ ئايەت}؛ **﴿شۇنىڭدەك(يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن(ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك-شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾**{سۈرە «شۇرا»(**42** ـ سۈرە)، **52** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتلەر بىر تەرەپتىن قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىقى بوھتانغا ئېنىق دەلىل بىلەن رەددىيە بەرگەن.

## قۇرئان كەرىم شائىرنىڭ سۆزى ئەمەس

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن دەۋر ئەرەبلەر ئارىسىدا شېئىرىيەت ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بىر دەۋر ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ دەۋردە نازىل قىلىنىپ، بالاغەت ۋە پاساھەتتىكى تەڭداشسىز ئۇسلۇبى ئارقىلىق شائىرلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان. قۇرئان كەرىمنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى بىر قىسىم كىشىلەردە ئۇنىڭ بىرەر شائىر تەرىپىدىن توقۇلغانلىقىدەك گۇمانلارنى پەيدا قىلغان. ئەمما قۇرئان كەرىم بۇ گۇمانلارغىمۇ كەسكىن رەددىيە بەرگەن. ئىلاھىي كالامنىڭ شېئىر ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەن پەيغەمبەرنىڭ شائىر ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتكەن: **﴿ئۇنىڭغا(يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كۇففارلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى(بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر﴾**{سۈرە «ياسىن»(**36** ـ سۈرە)، **69** ـ، **70** ـ ئايەت}؛ **﴿ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر، سىلەر ناھايىتى ئاز ئىشىنىسىلەر﴾**{سۈرە «ھاققە»(**69** ـ سۈرە)، **41** ـ ئايەت}.

## قۇرئان كەرىم كاھىننىڭ سۆزى ئەمەس

قۇرئان كەرىم نازىل بولۇۋاتقان دەۋردە كىشىلەر "قولىدىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار كېلىدۇ" دەپ قارايدىغان كاھىنلار بار ئىدى. مۇشرىكلار قۇرئان كەرىمگە تۈرلۈك يوللار بىلەن قارشى چىققان بولۇپ، قۇرئاننى كاھىننىڭ سۆزى، مۇھەممەد كاھىن دېگەن،

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿**ئۇ كاھىننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس، سىلەر ئاز ۋەز-نەسىھەت ئالىسىلەر**﴾{سۈرە«ھاققە»(**69** ـ سۈرە)، **42** ـ ئايەت}.

## قۇرئان كەرىم مەجنۇننىڭ سۆزى ئەمەس

مۇشرىكلار "مۇھەممەد مەجنۇن بولۇپ قاپتۇ، قۇرئان كەرىم مەجنۇن مۇھەممەدنىڭ قالايمىقان جۆيلۈشلىرى" ﴿**ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن**﴾{سۈرە«ھىجر»(**15** ـ سۈرە)، **6** ـ ئايەت} دېگەندەك گەپلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىغان بۇ بوھتانغا باشقىلارنى ئىشەندۈرمەكچى بولغان. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئاساسسىز تۆھمەتلىرىگە قارشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن**﴾{سۈرە «قەلەم»(**68** ـ سۈرە)، **1** ـ، **2** ـ ئايەتلەر}.

## قۇرئان كەرىم سېھىر ئەمەس، سېھىرگەرنىڭ سۆزىمۇ ئەمەس

مۇشرىكلار كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتقان ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئالدىدا تېڭىرقاپ قالغان بولۇپ، ھەر قېتىم يېڭىدىن توقۇلغان يالغان ۋە بوھتانلار ئارقىلىق بۇ دەۋەتكە قارشى چىقىشقا ئۇرۇنغان. ئەنە شۇ بوھتانلاردىن بىرى "مۇھەممەد سېھىرگەر، قۇرئان ئۇنىڭ سېھىر ـ ئەپسۇنلىرى" دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ بوھتاننى تېپىپ چىقىپ پىلانلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت ياغدۇرغان مۇشرىك ۋەلىد ئىبنى مۇغەيرە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بوھتان سۆزلىرى ۋە ئۇ ھەققىدىكى بايانلار قۇرئان كەرىمدە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى(يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت. ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال بەردىم. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدا تۇرىدىغان ئوغۇللارنى بەردىم. ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ئۈستۈردۈم. ئاندىن ئۇ يەنە كۆپ بېرىشىمنى تەمە قىلىدۇ. ياق(يەنى ئۇنىڭ خالىغىنى بولمايدۇ)، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمەن. ئۇ(پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئاندىن(ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى(پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى، "بۇ(كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر" دېدى، ئۇنى مەن سەقەرگە(يەنى دوزاخقا) سالىمەن**﴾{سۈرە«مۇددەسسىر»(**74** ـ سۈرە)، **11**—**26** ـ ئايەتلەر}.

## قۇرئان كەرىم قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەس

مۇشرىكلار قۇرئان كەرىمگە "شائىرنىڭ سۆزى، كاھىننىڭ سۆزى، مەجنۇننىڭ سۆزى" دېگەندەك ھەر خىل بوھتانلارنى چاپلاپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى شەيتاننىڭ سۆزى دەپ باققان. ئەمما ئاللاھ تائالا بۇنىڭغىمۇ رەددىيە بېرىپ، قۇرئاننىڭ مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكىنى، ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتالايدىغانلىقىنى[1] بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۇ(يەنى قۇرئان) قوغلاندى شەيتاننىڭ سۆزى ئەمەستۇر**﴾{سۈرە«تەكۋىر»(**81** ـ سۈرە)، **25** ـ ئايەت}.

## قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر ئىنسان تەرىپىدىن تەلىم بېرىلگەن كىتاب ئەمەس

مۇشرىكلار قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەدنىڭ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى چوقۇم مۇھەممەدكە باشقىلار ئۆگىتىپ قويغان، دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقاتقان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كىم ئارقىلىق پەيغەمبىرىگە نازىل قىلىپ يەتكۈزگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايىتىدە مۇنداق بايان قىلغان: ﴿**ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۇئمىنلەرنىڭ(ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش**

---

[1] سۈرە«ۋاقىئە»(**56** ـ سۈرە)، **79** ـ ئايەت.

**ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى. ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار)نىڭ: ”ئۇنىڭغا(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ“ دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ(قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدۇر**﴾{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، **102** ـ ، **103** ـ ئايەت} .

## قۇرئان كەرىم بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانە ـ چۆچەك ئەمەس

مۇشرىكلار: ”(**بۇ، يەنى قۇرئان) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ(مۇھەممەد) يازدۇرۇۋالغان، (ھېيزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ**“{سۈرە «فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، **5** ـ ئايەت} دەپ قۇرئان كەرىمگە بوھتان چاپلىغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشرىكلارنىڭ بۇ خىلدىكى تۆھمەت ۋە بوھتانلىرىدىن مۇنەززەھ ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن ئايەتلەردە تىلغان ئالغان.

## خۇلاسە

يۇقىرىدىكىلەر قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق كىتاب ۋە كىمنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قىسىم ئايەتلەردۇر.

ئەلۋەتتە، ئىلاھىي ۋەھيى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، بىرەر شائىرنىڭ، مەجنۇننىڭ، كاھىننىڭ، سېھىرگەرنىڭ ۋە ياكى شەيتاننىڭ سۆزى تېخىمۇ ئەمەس. پەيغەمبىرىمىزگە بىرەر ئىنسان تەرىپىدىن تەلىم بېرىلگەن كىتابمۇ ئەمەس. ئۇ جانابىي ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. كالامى ئەزەلىيسىدۇر، سۆزنىڭ ئەڭ گۈزىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كالامىدۇر، يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەدنىڭ يولىدۇر**“[1] دېگەن.

(ئاپتور: خوتەن شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

[1]بۇخارىي، كىتابۇل ئەدەب.

تەقدىر ۋە قازا — ”تەقدىر“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”ئۆلچەم، مىقدار، بىر نەرسىنى(ياكى بىر ئىشنى) مۇئەييەن ئۆلچەم بىلەن قىلىش ياكى بېكىتىش“ دېگەنلىكتۇر. دىنىمىزدىكى مەنىسى ”ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن ئەبەدكىچە(باشلىنىشتىن ئاخىرلىششىقىچە) ئۆزى ياراتقان بارلىق جانسىز، جانلىق مەخلۇقاتلىرىنىڭ زامانى، ماكانى، ئالاھىدىلىكى، سۈپىتى ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەزەلىي ئىلمى بىلەن ئالدىن بىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى“ دېگەنلىكتۇر. ”قازا“نىڭ لۇغەت مەنىسى ”ھۆكۈم، ئەمىر، بىرەر ئىشنى پۈتتۈرۈش ياكى بارلىققا كەلتۈرۈش“ دېگەنلىكتۇر. دىنىمىزدىكى مەنىسى ”ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە مەزكۇر ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشى، شەيئىلەرنى(ئىش ياكى ھادىسە)نى يارىتىشى“ دېگەنلىكتۇر. تەقدىر ۋە قازا ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتقا، جۈملىدىن مەخلۇقاتلىرىغا بېكىتكەن پىلانى ۋە پروگراممىسىدۇر. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش ئاللاھنىڭ بۇ ئالەمدىكى قانۇنىيەتلىرىگە ئىشىنىش دېمەكتۇر. شۇنداقلا، تەقدىر ۋە قازاغا ئىشىنىش ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ تەقەززاسىدۇر.

تەۋەككۇل — ئىشلىرىغا ئاللاھنى ھامىي قىلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاللاھقا قويۇش دېگەنلىكتۇر. تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقا، تەقدىر ۋە قازاغا ئىمان ئېيتىشىمىزنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېچ ئىش قىلماي، ھېچبىر چارە قوللانماي تۇرۇپ ئاللاھتىن ياردەم، ئۈمىد كۈتۈش، ”ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش“ دەپ ئولتۇرۇش دىنىمىزدا يوقتۇر. بەلكى قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاللاھتىن ياردەم، مەدەت تىلىشىمىز كېرەك. بىز ئاللاھقا دۇئا قىلماقتىن باشقا چارىمىز قالمىغانلىقىدىن ياكى بۇنىڭ ئاخىرقى چارە ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھەر ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە، تارتقان جاپالىرىمىزنى يەردە قويمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئاللاھقا تايىنىمىز، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مەككەدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ مەدىنەگە ھىجرەت قىلغاندا، يولبويى دىققەت قىلىپ ماڭغان، قوللىنىشقا بولىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان. سەۋر غارىغا يوشۇرۇنغاندا، مۇشرىكلار بېشىنى ئەگسىلا كۆرۈپ قالىدىغان خەتەرلىك ئەھۋالدا دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە: ”**غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە**“{سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 40 ـ ئايەت} دېگەن. دېمەك، تەۋەككۇل قىلىش، ئىبادەت ۋە ئىش ـ ئەمەللىرىمىزدە بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ بىزنى نائۈمىد قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىش، كۆڭۈل ئازادىلىكىمىز بىلەن: ”ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!“ دېيەلىشىمىزدۇر.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)

www.uyghurkitap.com






مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

“ساۋاب” ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى “مۇكاپات، ئەجىر، ئىنئام” دېگەنلىكتۇر. ئەمما “ساۋاب” دېگەن سۆزمۇ ئۆز مەنىسى بىلەن تىلىمىزدىكى سۆزدەكلا ئىزچىل قوللىنىلماقتا.

“ساۋاب”نىڭ شەرئەتتىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن ئەجىر ئۈمىد قىلىش مەقسىتىدە، ئاللاھ بېرىدىغان مۇكاپاتنى كۆزلەپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق، ياكى توسقان ئەمەللەردىن يېنىش ئارقىلىق، شۇنداقلا سەلەف - سالىھىنلارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، بۇ دۇنيادا قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ ھۇزۇرلۇق ياشاش، ۋاپات بولغاندا قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىش، قىيامەتتىكى سوئال - سوراقلاردىن ئاسانراق قۇتۇلۇپ، ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ، مەيلى ئىقتىساد بىلەن، مەيلى بەدەن ئەمەللىرى بىلەن ۋە ياكى تىل ئەمەللىرى بىلەن، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنغان ياخشى ئىشلار ساۋاب بولىدىغان ئىشلاردۇر. ساۋاب ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **“ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە، ئاللاھتىن قورقسا، (ئۇلار ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى”**{سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، **103** - ئايەت}.

## ساۋابنىڭ رولى

“ساۋاب” دېگەن ئاتالغۇ بىزنىڭ تىلىمىزغا ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، تۇرمۇشىمىزدا داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرغاچقىمىكىن ئۇنىڭدىكى ھېكمەت توغرىلىق ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، ئۇنىڭ رولى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز يۈزەكىلا بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

ئەمەلىيەتتە، “ساۋاب” بىزنىڭ رەببىمىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان، بىزگە رەببىمىزنىڭ داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، “ساۋاب” ئىزدەش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىزدەندۈرىدىغان، مۆئمىنگە ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان،

بۇرۇنقى كىچىك گۇناھلىرىمىزنى يۇيىدىغان، بولۇپمۇ قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلار بىلەن قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئىلاھىي مۇكاپاتتۇر.

”ساۋاب“قا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى ئىزدەيدىغان كىشى ئۆزىنى داۋاملىق رەببىنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھەمراھلىقى ئاستىدا ئىكەنلىكىدىن بىخۇد قالمايدۇ-دە، مەيلى ئادەم بار يەردە بولسۇن، ياكى يالغۇز بولسۇن، داۋاملىق ئۆزىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئەتراپىدىكى كىچىككىنە ساۋاب پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئەتراپىدىكىلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئاسراش، باشقىلارغا تىلى بىلەن، قولى بىلەن ئازار بەرمەسلىك، كۆرمىدى دەپ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىۋالماسلىق، خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلماسلىق ۋە بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرمەسلىكتەك ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە ئېرىشىشىنى ئويلايدۇ.

”ساۋاب“ ئىنساننى توغرا ئىشقا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەمگە سالىدىغان مەنىۋى رامكا ۋە قېلىپتۇر. ”ساۋاب“نى ئۈمىد قىلغان ئادەم ھەر ۋاقىت ۋە چوڭ-كىچىك ھەرقانداق ئەمەلدە ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئىنسان مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش بولسا بىر روھىي نېمەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. قىلغان ياخشى ئىشقا قارىتا ساۋابنى ئۈمىد قىلىش بولسا مۇسۇلماننى كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىشقا ۋە ئاللاھنى رازى قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **”مۇسۇلمانغا يەتكەن قىيىنچىلىق، كېسەللىك، غەم-غۇسسە، ئەزىيەت ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ھەتتا بەدىنىگە كىرگەن تىكەن ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ“.**[1]

بۇ ھەدىستىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە نەقەدەر مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تارتقان ھەربىر ئەزىيەتلىرىگە ساۋاب بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ساۋاب ۋە گۇناھتىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيىتى مۇئمىنگە نىسبەتەن بىر نېمەتتۇر. مۇسۇلمان ئادەم گۇناھىغا چىن تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشسە، تارتقان ئەزىيەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

سالىھلارنىڭ بىرىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاھ دېمەستىن تەبەسسۇم قىلدى ۋە: ”بىز ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز“ دېدى. بىرى ئۇنىڭغا: ”پۇتىڭىزغا تىكەن كىرىپ كەتسە، ۋاي دېمەي كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟“ دېدى. ئۇ: ”بۇنىڭ ساۋابىنىڭ ھالاۋىتى ماڭا ئۇنىڭ ئاچچىق دەردىنى ئۇنتۇلدۇردى“ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: **”ئات ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ: ئات بېقىش بىر ئادەمگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ؛ يەنە بىر ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يەنە بىر ئادەمگە بولسا گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ“.**[2]

دېمەك، بىز ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئادا قىلغان ئەمەللىرىمىزدە چوقۇم ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنگەن بولۇشى كېرەك، بۇ ھەدىستە ئوخشاش بىر ئەمەلنىڭ نەتىجىسى ھەر خىل بولغان. بەزىسىگە ساۋاب بېرىلمىگەن. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ“.**[3]

مۇئمىن كىشى بىرەر پايدىلىق ئىلىمنى، ياخشى ئىشنى، سەدىقە جارىيە ياكى ياخشى ئەۋلادلارنى قالدۇرۇپ كېتىشنى، ئۆزى قالدۇرغان بۇ ئىزلاردىن كىشىلەرنىڭ پايدىلانغانلىقىغا يارىشا ۋاپات بولغاندىن

1 بۇخارى، 5318-ھەدىس، كىتابۇل مەرزا؛ مۇسلىم، كىتابۇل بىرر.

2بۇخارى، 2705-ھەدىس، كىتابۇل جىھاد ۋەسسىيەر.

3 بۇخارى، 1-ھەدىس، كىتابۇ بەدئىل ۋەھيى.

كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن داۋاملىق ساۋابقا ئېرىشىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېۋىلىك كۆچەت تىكىۋاتاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا: ”شۇنچە ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇق يەنە كۆچەت تىكىۋاتامسەن؟ بۇ مۇنچە يىل ئۆتمىگۈچە مېۋە بەرمەيدۇ“ دېگەندە، ئۇ: ”مېۋىسى باشقىلارغا تەگسىمۇ، ساۋابى ماڭا تەگسە بولمامدىكەن“ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەرقانداق نەرسىگە بىۋاستە كۆرۈلىدىغان ماددىي تەرىپىنى چىقىش قىلىپلا باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ماددا بىلەن روھقا يوشۇرۇن ھالدا كۆرسىتىدىغان ئاكتىپ تەسىرىگە كۆز يۇمۇش رېئاللىققا قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر. ئۈزۈكسىز بولىدىغان ”ساۋاب“ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئەگەر ئىنسان ئۆلسە ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى توختايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمەلنىڭ ساۋابى توختىماي نامۇ-ئەمالىغا يېزىلىپ تۇرىدۇ: بىرىنچى، ساۋابى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە(مەسچىت، مەدرىسە سالغانغا ئوخشاش)؛ ئىككىنچى، ئەلگە پايدىلىق ئىلىم(يەنى، باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئىلىم ۋە يېزىلغان ئەسەرلەر)؛ ئۈچىنچى، ئارقىسىدىن ئاتا-ئانىسى ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت.“**[1]

**”كىمكى قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ. بىر ياخشىلىق ئۈچۈن ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. مەن ‹ئەلىف، لام، مىم›نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىيم› بىر ھەرپتۇر“**.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **”گەپ قىلساڭ ياخشى گەپ قىل، بولمىسا جىم تۇر“**.[3]

بۇ ھەدىسكە قارىغاندا ناچار، سەت، يالغان ۋە بىھۇدە گەپلەرنى تولا قىلغاندىن كۆرە، جىم تۇرۇشنى تاللىۋېلىشمۇ ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر.

بۇ ساۋابلارنى بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل پەرىشتىلەر نامە ـ ئەمالىمىزگە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ نامە ـ ئەمالىمىز بىزگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇ نامە ـ ئەمالىمىزدىكى ساۋاب قانچە جىق بولسا، ياخشىلىق تارازىمىز شۇنچە ئېغىر بولىدۇ، قىيامەت كۈنىدىكى سوئال ـ سورىقىمىز شۇنچە ئاسان بولىدۇ، دەرىجىمىزمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **”بۇ كۈندە(يەنى قىيامەت كۈنى) سىلەر(ئاللاھقا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر. نامە-ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم(خۇشاللىقتىن): بۇ مېنىڭ نامە-ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم“ دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ“**{سۈرە«ھاققە»(**69** ـ سۈرە)، **18** ـ **22** ـ ئايەتلەر}؛ **”سائادەتمەنلەرنىڭ(يەنى نامە-ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەرنىڭ) ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ“**{سۈرە«ۋاقىئە»(**56** ـ سۈرە)، **26** ـ ئايەت}.

## ”ساۋاب“نىڭ تۈرلىرى

”ساۋاب“نىڭ ئوخشىمىغان ئەمەللەر ئارقىلىق ئېرىشىلىش ئېتىبارى بىلەن دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. پەرز ئەمەللەر ئارقىلىق ئېرىشكەن ساۋابلارنىڭ دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ۋاجىب ئەمەللەر، سۈننەت ئەمەللەر، مۇستەھەب ئەمەللەر بىلەن ئېرىشكەن ساۋابلارغا ئۆزگە يارىشا ئەجىر بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز قىلىشتىن چەكلەنگەن ھارامlardin قايتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ساۋابلارنىڭ دەرىجىسى يەنە يۇقىرى بولىدۇ، ھەمدە مەكرۇھاتلاردىن يېنىش بىلەنمۇ ئۆزگە يارىشا ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بەزى ئەمەللەرگە بىرلا ساۋاب بېرىلسە، بەزى ئەمەللەرگە نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى سەۋەبلىك ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ، بالىغىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ. سەدىقىگە قارىغاندا ھەدىيەنىڭ ساۋابى كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى ھەدىيە

1 مۇسلىم، كىتابۇل ۋەسىيە.
2 تىرمىزى، كىتابۇ فەزائىلىل قۇرئان.
3بۇخارى، 5672 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

قىلغۇچى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاپىرىپ بېرىدۇ. باي ۋاقىتتا قىلغان سەدىقىگە قارىغاندا كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ تۇرغاندا قىلغان سەدىقىنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. سەدىقىنى ئاشكارا بەرگەنگە قارىغاندا مەخپىي بەرگەننىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. نەفلە ئىبادەتكە قارىغاندا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. باينىڭ نەفلە ناماز ئوقۇغىنىدىن سەدىقە ئارقىلىق ئېرىشكەن ساۋابى كۆپ بولىدۇ. قولىدىن كەلمەيدىغان چوڭ ئىشلارنى تاما قىلىشتىن قولىدىن كېلىدىغان كىچىك ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. شەخسكە پايدىلىق ئىشقا قارىغاندا كۆپچىلىككە پايدىلىق ئىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. مۇسىبەتنىڭ بېشىدا سەۋر قىلغاننىڭ ساۋابى ئاخىرىدا سەۋر قىلغانغا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. ئىشنى كەمتۈك ھالدا كۆپ قىلغاندىن، ئاز بولسىمۇ مۇكەممەل قىلغاننىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ۋاقىتلىق كۆپ ئەمەلدىن داۋاملىشىدىغان ئاز ئەمەلنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. پەرز كۇپايىدىن پەرز ئەيىننىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ئەۋزەل شارائىتتا قىلغان ئىبادەتكە قارىغاندا قىيىنچىلىقتا تۇرۇپمۇ ئادا قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. قېرىندىشىغا خۇش تەبەسسۇم قىلىش ئارقىلىقمۇ، بالدۇر سالام قىلىش ئارقىلىقمۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇش ئارقىلىقمۇ، يامانلىقتىن توسۇش ئارقىلىقمۇ ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ساۋابنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **“كىمكى ئاللاھقا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر”** {سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، **245** ـ ئايەت}.

ساۋاب بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان بايلىقىمىزدۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، “ئاللاھ تائالانىڭ ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئەجىر ـ ساۋابى پەقەت بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋەتمەستىن، ئاخىرەتكە سالامەت ئاپىرالىغان بەندىلىرىگىلا بولىدۇ” دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئېرىشكەن ساۋابلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىلا بىكار بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار. شۇڭا ئاران تەستە ئېرىشكەن ساۋابلىرىمىزنىڭ بىكار بولۇپ كېتىپ، ئاقىۋەتتە زىيانكارلاردىن بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، ساۋابنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىشلارنى بىلىۋېلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

## “ساۋاب”نى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئامىللار

تۆۋەندىكى چوڭ گۇناھلار ئېرىشىپ بولغان ساۋابلارنى بىكار قىلىۋېتىدۇ:

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش — **“ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى”** {سۈرە «مائىدە» (5 ـ سۈرە)، **88** ـ ئايەت}؛ **“ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: ‘ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن’ دەپ ۋەھيى قىلىندى”** {سۈرە «زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، **65** ـ، **66** ـ ئايەت}.

ئىماندىن يېنىۋېلىش — **“سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كۇففار پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ”** {سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، **217** ـ ئايەت}.

قىلغان ساۋابلىق ئىشىدىن پەخىرلىنىش، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا شەك قىلىش، بەرگەن سەدىقىسىگە مىننەت قىلىش، رىياكارلىق قىلىش، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش — **“ئى مۇئمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ**

قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن(يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن(ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 264 ـ ئايەت}.

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچىلارنى ۋە بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش— ''ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار(يەنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچىلار)نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئەنە شۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەمەللىرى بىكار بولدى''{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 21 ـ، 22 ـ ئايەت}.

مۇناپىقلىق قىلىش— ''ئۇلارنىڭ(يەنى مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار(دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچى بولدى''{سۈرە«مائىدە» (5 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت}.

باتىل دىنغا ئەگىشىش— ''شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر''{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 139 ـ ئايەت}.

قىيامەتكە ئىشەنمەسلىك— ''بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان(ياخشى) ئەمەللىرى (ئىمانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) بىكار بولۇپ كېتىدۇ''{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 147 ـ ئايەت}.

ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرمەسلىك، پەيغەمبەرگە قارشى چىقىش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلماسلىق، كۇفرىلىق قىلىش— ''كۇففار بولغان ۋە (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلارنىڭ(ياخشى) ئەمەللىرىنى ئاللاھ بىكار قىلىۋېتىدۇ''{سۈرە«مۇھەممەد»(47 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}؛ ''شۈبھىسىزكى، كۇففار بولغانلار، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلار، توغرا يول (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكى) ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ(سەدىقە بەرگەنگە ئوخشاش) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ(شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلمەيدۇ). ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار''{سۈرە«مۇھەممەد»(47 ـ سۈرە)، 32 ـ، 33 ـ ئايەت}؛

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشقا ئوخشاش چوڭ گۇناھلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىش؛ ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئەگىشىش؛ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەسلىك— ''بۇ(ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنى دەرغەزەپ قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئەگەشتى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى(يەنى ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى) ياقتۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلدى''{سۈرە«مۇھەممەد»(47 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەرنى كۆزگە ئىلماسلىق— ''ئى مۇئمىنلەر! (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر- بىرىڭلار بىلەن(تاۋۇلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە(تاۋۇلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزۈڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ''{سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت}؛

داۋاملىق بىدئەت بىلەن شۇغۇللىنىش— ''كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ.''[1]؛

ھەسەتخورلۇق قىلىش— ''ھەسەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ھەسەت ياخشىلىقلارنى، ئوت ئوتۇننى يالماپ كۆيدۈرۈۋەتكەندەك يوق قىلىۋېتىدۇ.''[2]؛

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئېرىشىپ بولغان ''ساۋاب''لىرىمىزنى ئېھتىيات بىلەن داۋاملىق مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرمىساق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

---

1بۇخارى، 2550 ـ ھەدىس، كىتابۇس سۇلھ. مۇسلىم، كىتابۇل ئەقزىيە.
2ئەبۇ داۋۇد، كىتابۇل ئەدەب.

## قەلبكە، تىلغا ۋە بەدەنگە ئالاقدار "ساۋاب" ئىشلاردىن مىساللار

"ساۋاب" ئىشلار تۈرگۈن بولۇپ، تۆۋەندە بەزىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى پەرز، بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى ۋاجىب، بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى سۈننەت، بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى مۇستەھەپ بولسىمۇ، ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى بىز ئۇلارنى چىن نىيىتىمىز بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئىجرا قىلساق، ئىنشائاللاھ ئاللاھ تائالا ھېچبىر ئەمەلنى زايە قىلىۋەتمەستىن[1] بىزگە مول ساۋابلارنى ئاتا قىلغۇسى. بۇ ئەمەللەرنى ئىجرا قىلىشتا ئۇنىڭ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى بولغان بەش پەرزنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئادا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، شۇندىلا بۇ ئەمەللەرگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى، ناۋادا بەش پەرزنى ئادا قىلماستىن يەنە ساۋاب ئىزدىسەك بەزىسىنىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا مەنپەئەتى بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتكە نېسىۋە بولمايدىغانلىقىنى[2] ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. ئۇ بەش پەرزنى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق كۆرسەتكەن: **"ئىسلام دىنى بەش پەرز ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ ئىككىنچىسى، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش؛ ئۈچىنچىسى، زاكات بېرىش؛ تۆتىنچىسى، ھەج قىلىش؛ بەشىنچىسى، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش"**[3].

بەزىدە بىر كىچىك سانىغان ئىشلارمۇ ساۋاب جەھەتتە بىر چوڭ سانىغان ئىشلاردىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى مۇھىم ئامىل شۇ ئەمەلنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىخلاسىمىزدۇر. شۇ جەھەتتىن بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتلىقىمىزدىكى ھەرقانداق چوڭ- كىچىك ئەمەللەرگە ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز ئۈچۈن، ئۇ ئەمەللەرنى مۇئمىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئىمان بىلەن باغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدۇر، ئىمان شاخچىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دېيىش ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى: يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يېتىدىغان نەرسىنى ئېلىپ تاشلاش؛ ھايا قىلىش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىن"**[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بىلەن ئەڭ تۆۋىنىنى دەپ بېرىش ئارقىلىق ھاياتىمىزنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىنى ئىمان نۇرى بىلەن ئورىدى. ھايانى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىماننىڭ يەتمىش نەچچە شاخچىسى دېمەك، ھاياتىمىزدىكى قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم يەتمىش نەچچە ساۋابلىق ئەمەل دېمەكتۇر. بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بىزنى ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ساۋاب ئىشلارنىڭ بەزىسى قەلبىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، بەزىسى تىلىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، بەزىسى بەدىنىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ناۋادا بەدەن ئەمەللىرىنى قىلغان بولسا قەلب ۋە تىل ئەمەللىرىگىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇنداق بولماي، پەقەت قەلبتىلا ئويلاپ ۋە ياكى تىلدىلا بايان قىلىپ قويۇپ، ئەمەلدە بولمىسا ئۇ بىر يالغان دەۋا بولۇپ قالىدۇ، خالاس. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **"سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا(يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە(يەنى پۇل-مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە**

---

1سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 120 ـ ئايەت.
2سۈرە«شۇرا»(42 ـ سۈرە)، 20 ـ ئايەت.
3بۇخارى، 8 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىمان؛ مۇسلىم، كىتابۇل ئىمان.
4مۇسلىم، كىتابۇل ئىمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**شۇلار(يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر"{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 177 ـ ئايەت}.**

### قەلبكە تەۋە ساۋاب ئەمەللەر

ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ياخشى ـ يامان ئىشلار، يەنى بېشىمىزغا كەلگەن ئامەت ۋە ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش، "ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە پەيدا بولىدۇ، يوقىلىدۇ" دېگەن ئېتىقادتا بولۇش، بىراۋنى ياخشى كۆرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش، ساھابىلەرنى ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش(دائىم دۇرۇت يوللاش، سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش)، ئىخلاسمەن بولۇش، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش بىلەن بىرگە داۋاملىق تەۋبە قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنىش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، چىدامچان بولۇش، كەمتەر بولۇش(چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش)، رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش(كىچىكلەرگە، ئاجىزلارغا كۆيۈنۈش)، بالا ـ قازاغا رازى بولۇش، ھەر ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ماختانچاقلىق، مەنمەنچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنى پاك، ۋىجدانلىق تۇتۇش، ھەسەتخورلۇقنى تاشلاش، ئاداۋەتنى، ئۆچ ئېلىشنى تاشلاش، ئاسانلا ئاچچىقلانماسلىق، يامان گۇمان قىلماسلىق، ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىق قىلماسلىق، مال ـ دۇنيا ۋە مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئاچكۆزلۈكى قىلماسلىق. دېمەك، قەلبىمىزگە مەنسۇپ بولغان بارلىق پەزىلەتلەر قەلبكە تەۋە ساۋاب ئەمەللەر قاتارىغا كىرىدۇ.

### تىلغا تەۋە ساۋاب ئەمەللەر

ئاللاھنىڭ بىرلىك ـ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى تىلدا ئېيتىش، دائىم قۇرئان كەرىم ئوقۇپ تۇرۇش، بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىپ قويۇش، بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن ئۆگىنىش، ھەر ئىشتا دۇئا قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۈچۈن كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش، پايدىسىز، قالايمىقان سۆزلەردىن ھەزەر ئەيلەش قاتارلىقلار.

### بەدەنگە تەۋە ساۋاب ئەمەللەر

پاكىز بولۇش، نەپلە ناماز ئوقۇش. پەيغەمبىرىمىز بەش ۋاخ ناماز بىلەن جۈمە نامىزىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغاندىن باشقا يەنە "رەۋاتىب سۈننەتلەر" دەپ ئاتىلىدىغان نەپلە نامازلارنى ئوقۇغان. مەسچىتكە كىرىپلا ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسچىت نامىزى ئوقۇغان. كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالسا ناماز ئوقۇغان. سەپەردىن قايتىشىدا ئۇدۇل مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان. پەيغەمبىرىمىز يەنە كۈن تۇتۇلغاندا كۈن تۇتۇلۇش(كۇسۇف) نامىزى، ئاي تۇتۇلغاندا ئاي تۇتۇلۇش(خۇسۇف) نامىزى، يامغۇر ياغمىغاندا سۇ تىلەش(ئىستىسقا) نامىزى ئوقۇغان. ساھابىلىرىگە قۇرئاندىن ئايەت ئۆگەتكەندەك ئىستىخارە سېلىشنى ئۆگەتكەن. قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنلىرى ھېيت نامىزى ئوقۇغان. كېچە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان. ئەتىگىنى چاشگاھ نامىزى ئوقۇغان. ھاجەت نامىزى، تەۋبە نامىزى، تەراۋىھ نامازلىرى قاتارلىقلار؛ نەپلە سەدىقە بېرىش مۇسۇلمانلارغا بەلگىلەنگەن ئۆشرە ـ زاكاتتىن باشقا سەدىقىلەر، يەنى سەدىقە پىتىر، خەير ـ ساخاۋەت قىلىش، مېھماننى ھۆرمەتلەپ ياخشى كۈتۈش قاتارلىقلار؛ نەپلە روزا تۇتۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتاتتى. مەيلى سەپەردە بولسۇن، مەيلى يۇرتىدا بولسۇن ھەر ئايدا

ئاسماندىكى ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتاتتى. ھەر يىلى ئاشۇرا كۈنى، زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنلىرى روزا تۇتاتتى؛ ئۆمرە ھەج قىلىش، ئېتىكاپ، قوشنىلار ئارا ياخشى ئۆتۈش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، كاپارەتنى ئادا قىلىش، ئەۋرەتنى يېپىش، قۇربانلىق قىلىش، جىنازا ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، قەرزنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش، مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش، رىيادىن ساقلىنىش، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى يوشۇرماسلىق، ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرىش، ئادىل بولۇش، نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئىپپەت نومۇسنى ساقلاش، ئايالىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇش، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، باللارنى ئەخلاقلىق ۋە بىلىملىك تەربىيەلەش، قىز بىلەن ئوغۇلنى تەڭ كۆرۈش، رەھىمدىل بولۇش، تۇغقانلارنى يوقلاش، ئىش ئىگىلىرىگە بوي سۇنۇش، جامائەتكە ئەگىشىش، ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئەگىشىش ۋە بويسۇنۇش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىنى ياراشتۇرۇش، ياخشى ئىشلارغا ياردەملىشىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ھالال ـ ھارامنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىش، ئۆز يۇرت ـ ۋەتىنىنى قوغداشتا ئومۇمىي خەلق بىردەك بولۇش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، قەرز ئېلىشتا ۋە قەرز بېرىشتە ھۆججەتلىشىش، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە تىجارەتتە دۇرۇس بولۇش، مۇئامىلىدە سىلىق ـ سىپايە، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، چۈشكۈرگۈچىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تىلەش، ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىش، سالام قىلغۇچىغا جاۋاب قايتۇرۇش، پايدىسىز، ئەرزىمەس سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش، يولدىكى ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىش... قاتارلىقلار.

دېمەك، ساۋاب ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر قەدەملىرىدە بىزگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىز پەقەت ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولساقلا نىسۋىمىزگە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر بولالايمىز.

ماقالىمىزنى قىيامەت بىلەن ساۋابلىرىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە كەلگەن سۈرە«زەلزەلە»نى بايان قىلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرىمىز: ”**زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، زېمىن(قوينىدىكى) يۈكلىرىنى(يەنى مەدەنلەر، ئۆتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا، ئىنسان ئۇنىڭغا(يەنى زېمىنغا): 'نېمە بولدى؟' دېگەندە، بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى(يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى-يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) رەببىڭنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمىر قىلغانلىقىدىندۇر. بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش(يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ**“(سۈرە«زەلزەلە» (99 ـ سۈرە)، 1 ـ 8 ـ ئايەتلەر).

(ئاپتور: ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ رايونى باھار يولى مەسچىتىنىڭ ئىمامى؛ «ئۈرۈمچى شەھىرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

**جۇڭگو ئىسلام تورى**

كومپيۇتېر نۇسخىسى:
uyghur.chinaislam.net.cn
يانفون نۇسخىسى:
mu.chinaislam.net.cn
ئۈن ـ سىن قانىلى:
vu.chinaislam.net.cn
ئۈندىدار نومۇرى:
uychinaislam
ئېلخەت:
jgislamtori@126.com
تېلېفون: 010—59313018

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى؟

## — سۈرە «مۈلك» 1 — 2 - ئايەتلەرنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد

ب بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تَبَارَكَ الَّذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ .الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ .

تەرجىمىسى: **(پۈتۈن ئاسمان-زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.**

بۇ ئىككى ئايەت سۈرە «مۈلك» (67 - سۈرە)نىڭ 1 — 2 - ئايەتلىرى بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان. بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ”ھەممىگە قادىر“ دېگەن سۈپىتى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ بەرىكىتىنىڭ چەكسىزلىكى ئەسكەرتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتنىڭ كىشىلەرنىڭ



قايسىسىنىڭ ياخشى ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ئىنسانلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمىلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناشتىن ئىبارەت ئىلاھىي مەقسەت ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئەڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىشقا تەرغىب قىلىنغان.

”**(پۈتۈن ئاسمان-زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر**“. ”مُلْكٌ“(پادىشاھلىق) سۆزى ئەرەب تىلىدىكى ”مَلِكَ“(ئىگە بولدى) سۆزىدىن ياسالغان ئۆزلەشمە سۈپەتداش بولۇپ، ”ئىگە بولغۇچى“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىستېمالدا ”بىرەر ئەلنى باشقۇرغۇچى“ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقى ئىنساننىڭ پادىشاھلىقىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ”**ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر**“{سۈرە «شۇرا» (42 - سۈرە)، 11 - ئايەت}. شۇڭا، پۈتۈن كائىناتنىڭ پادىشاھلىقى، يەنى ئىگىدارلىقى ئاللاھقا مەنسۇپ. ئىنسان پادىشاھ

پەقەت بىرەر ئەلگە ئىگىدارلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ. بۇنداق ئىگىدارلىق ۋاقىتلىق، نىسپىي ئىگىدارلىقتۇر. ئاللاھنىڭ ئىگىدارلىقى بولسا، مەڭگۈلۈك، مۇتلەق بولغان ئىگىدارلىقتۇر. ئەلۋەتتە ئاشۇنداق ھەقىقىي ئىگىدارلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن زاتنىڭ بەرىكىتى كاتتا، بۈيۈك، چەكسىز بولىدۇ. چۈنكى، بەرىكەت دائىمىلىق، مۇقىملىق، ئىزچىللىق دېگەن لېكسىكىلىق مەنىلەرگە ئىگىدۇر. مانا شۇنداق مۇقەددەس سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن زاتنىڭ ھەممىگە قادىر بولۇشى دائىمىلىقتا، مۇقىملىقتا، ئىزچىللىقتا، شۇنداقلا مۇقەررەرلىكتە ھەم مۇتلەقلىقتا ئىگىدۇر.

مانا بۇ ئايەت پادىشاھلىق ۋە ئىگىدارلىقنىڭ ئوبيېكتى بولغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەقىل-ئىدراك بىلەن تارتۇق قىلىنىپ يارالغان ئىنسان زاتىنىڭ ئۆزىنى يوقتىن بار قىلغان مۇتلەق پادىشاھ، مۇقەررەر ئىگە ئاللاھقا ئېيتقان تەسبىھىدىن ئىبارەتتۇر. تەسبىھ دېمەك پاكلاش دېمەكتۇر، ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر، مەدھىيەلەش دېمەكتۇر. تەسبىھ بىلەن سۆز باشلاش قۇرئانى ئۇسلۇب بولۇپ، ئىخلاسمەن بىر بەندىنىڭ ياراتقۇچى ئالدىدىكى ئەخلاقىي ساپاسىنى ۋە ئەقىدىۋى پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ. مېھرىبان ئاللاھ مۇشۇنداق باشلاش ئارقىلىق بەندىسىگە ياراتقان ئىگىسىگە قانداق تەسبىھ ئېيتىشنى تەلىم قىلىدۇ. سۈرىنىڭ بېشىدا بۇنداق تەسبىھنىڭ كېلىشى كىشىگە ئاللاھنىڭ بەرىكىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى “تەسبىھ” سۆزى “بەرىكەت” سۆزىدىن تۈرلەنگەن “تابارەك” سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ سۆزگە يانداش كەلگەن “پادىشاھ” سۆزى ئاشۇ بەرىكەتنىڭ ئاشۇ پادىشاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى بارلىق شەيئىلەرگە داۋاملىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشارىدۇر. بۇ تەسبىھ بىر خىل گۈزەل، بەدىئىي باشلىنىش بولۇپ، سۈرىدە يورۇتۇلماقچى بولغان تېمىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەسبىھنىڭ ئىلھامى ۋە ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلىك مەنە پايانىدىن كەلگەن. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى يارىتىش ۋە ئۇ ئىككىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنى سىناش، ئاسمان-زېمىنلارنى ۋە سۈرە«مۇلك»تە بايان قىلىنغاندەك مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا ئوخشاش شەيئى-ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەسبىھتىن، يەنى ئاللاھنىڭ ھەممىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىدىن، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىدىن ۋۇجۇدقا چىققان.

**“سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى”**. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنى يارىتىش ئاللاھ تائالانىڭ بارچە شەيئىلەرگە بولغان مۇتلەق ئىگىدارلىقى ۋە مۇتلەق قادىرلىقىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. ئۆلۈم بۇ دۇنيادىكى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئۆلۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياتلىقمۇ شۇنداق، بىراق ھاياتلىق دۇنيادىكى ئۆتكۈنچى ھاياتلىقنى ۋە ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي ھاياتلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ ياراتقان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا مۇئەييەن مەقسەت ۋە مۇئەييەن سىناق مەۋجۇتتۇر. ئۆلۈم ۋە ھاياتلىقنىڭ يارىتىلىشى مەقسەتسىز، ياكى تاسادىپىي بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇلارنى مۇشۇ دۇنيادا سىناش ئۈچۈندۇر. مۇشۇنداق سىناقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان كىشى ئىچى ۋە تېشىدا ھەرقانداق چوڭ-كىچىك گۇناھلارغا نىسبەتەن قەلبىنى داۋاملىق ئويغاق، ھوشيار ھالەتتە تۇتىدۇ، غاپىل بولۇشتىن ھەرقاچان ھەزەر ئەيلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆڭلىنى بەك خاتىرجەممۇ تۇتمايدۇ، بەك ئۈمىدسىزمۇ تۇتمايدۇ، بەلكى ھەم ئۈمىد ھەم خەۋپ تۇيغۇسى ئىچىدە سەگەك تۇتىدۇ. بۇ ھاياتلىقتا كىشىلەر ئەڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىمەن دېسىمۇ، ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن گاھىدا “يامان ئەمەللەر”دىن خالى بولالمايدۇ. شۇڭا، **“ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر”**. مانا بۇ، چەكسىز مېھرىبانلىقنىڭ ئىلاھىي جاكارنامىسىدۇر. ئاللاھ مۇشۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزىدىن ھايا قىلغان ۋە قورققان ئادەمنىڭ قەلبىگە ئىشەنچ، خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلاردا غالىب ئىكەنلىكىنى، گۇناھىغا تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ

گۇناھنى ناھايىتى كەچۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. دېمەك، قەلبى ئويغىنىپ، ھامان بىر خىل سىناقنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلايدۇ ـ دە، **"ئەڭ ياخشى ئەمەللەر"**نى قىلىشقا بەل باغلايدۇ.

بۇ ئايەتتە "ئۆلۈم" سۆزى "ھايات" سۆزىدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق باشتىلا ئۆلۈمنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى قەدىرلەپ ئەڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۆلۈم مەڭگۈلۈك يوقۇلۇشتىن دېرەك بەرمەستىن، بەلكى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يەنى دۇنيا ھاياتلىقىدىن ئاخىرەت ھاياتلىقىغا ئۆتۈشتىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. بۇ ئايەتتىكى "ئەڭ ياخشى ئەمەل" دېگەن سۆزگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا بۇ يەردە: "قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى" دېمەي، **"قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى"** دېگەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت كىشىلەرنى ئاۋۋال ئىشنىڭ ياخشىسىنى قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشىسىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ "ئەڭ ياخشى ئۈممەت" بولۇشقا چاقىرغان. چۈنكى، ياخشى بىلەن ئەڭ ياخشىنى تاللاپ تۇرۇپ ئىش قىلمىغاندا "ئەڭ ياخشى ئۈممەت" بولغىلى بولمايدۇ. تارىختا قارايدىغان بولساق، ياخشى ئىش قىلغان ئۈممەتلەر ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ئەڭ ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئاندىن ياخشى ئىشلارنى ئەھۋالغا قارىتا قىلغان ئۈممەتلەر "ئەڭ ياخشى ئۈممەت" بولالىغان. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، قايسى ئىش ئەڭ ياخشى، قايسى ئىش ياخشى دېگەننى ئايرىماي، ياخشى ئىش بولسىلا قىلىۋەرگەن ئادەم ياخشى ئادەم بولسىمۇ، ئەڭ ياخشى ئادەم، يەنى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم بولالمايدۇ. چۈنكى ياخشى ئىشلارنىڭمۇ، يامان ئىشلارنىڭمۇ پەرقى بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئىشلارنى قىلغاندا، ھەربىر ئىشنىڭ قىممىتىگە قاراپ ياكى پەيتىگە قاراپ قىلىش كېرەك. ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭمۇ قىلىدىغان ئورنى ۋە پەيتى بار. ياخشى ئىشلارنىڭمۇ قىلىدىغان ئورنى ۋە پەيتى بار. ھەممە ئىشلارنى جايىدا، پەيتىدە قىلالىغان ئادەم ھەرقاچان ئۇتۇق قازىنالايدۇ ھەم ئەڭ ياخشى ئادەم بولالايدۇ. مانا مۇشۇنداق ساپالىق ئادەملەردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت ئەڭ ياخشى جەمئىيەت بولالايدۇ.

بۇ ئايەت بىزگە "ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك؟" دېگەن بىر سوئالنى تاشلايدۇ. "ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك" دېگەن بۇ سوئال ماھىيەتتە ئىسلام فىقھەسىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ فىقھە مېتود جەھەتتىن يېڭى پەن بولسىمۇ، بىراق ئۇقۇم جەھەتتىن كونا پەن، يەنى ئىلگىرىكى مۇجتەھىد فەقىھلەر قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئىستىقرا قىلىپ(دەلىللەپ) چىققان ئىلىم بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىلىمنى "مَراتِبُ الْأَعْمَال"(ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسى) دەپ ئاتاپ، ئۆز دەۋرلىرىگە ماس ھالدا تەتبىقلاپ كەلگەن. ئەمدى زامانىمىز مۇجتەھىد ـ فەقىھلىرىنىڭ ئۇنى ھازىرقىدەك زامانىۋى دۇنياغا ماس مېتودولوگىيە بىلەن چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئېھتىياجى تۇغۇلدى. چۈنكى، دەۋر تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ ئۈزۈلكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ سەۋىيەسى ، چۈشەنچىسى، تۇرمۇش قارىشى ئۆزگەردى. بۇنداق ئۆزگىرىشمۇ تەبىئىي ئىدى. شۇڭا، زامانىمىز مۇجتەھىد ـ فەقىھلىرى "ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك" دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بۇ پەننى بۇرۇنقى ئاساسىدا مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ فىقھەگە كىشىلەر داۋاملىق موھتاج بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر داۋاملىق ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلار ھەرىكەت قىلىپلا تۇرىدىكەن، "ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك؟" دېگەن سوئالغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ھەممە ئادەم ئىشنى ئۈنۈملۈك، مۇكەممەل ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەقسەتكە ئۈنۈملۈك، نەتىجىلىك يېتىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە نېمىنى ئاۋۋال قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلايدۇ. "ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك" دېگەن بۇ سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابى فىقھە ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بىر خىل ئىلىم بولۇپ، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ دەرىجە ۋە باسقۇچلىرىنى، يەنى مۇھىمى قايسى، ئەڭ مۇھىمى قايسى، يامىنى قايسى، ئەڭ يامىنى قايسى، دېگەن

ئۆلچەمنى، يەنى قانداق ۋاقىتتا، قانداق ماكاندا قانداق ئىشنى قىلىشنى، قانداق ئىشنى قىلماسلىقنى ئۆگىتىدىغان پەندۇر.

ئۆتمۈش ۋە ھازىرغا قارايدىغان بولساق، ھەرقانداق تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن ئۇممەت ۋە خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ''ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك''لىكىگە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارقىدا قالغان ھەرقانداق ئۇممەت ۋە خەلقنىڭ بۇنداق بىر ئۇقۇمنىڭ بارلىقىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ياكى بۇنداق پرىنسىپقا ئەمەل قىلمىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالايمىز.

''ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك'' دېگەن بۇ ئۇقۇم يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئىسلام فىقھەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۇسۇل خاراكتېرلىك فىقھە بولغاچقا، ئۇنىڭغا سەل قاراش ياكى ئۇنى بىلمەسلىك مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ساھابە كىراملار ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئەمەللەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، ھەدىس شەرىفلەردە ئۇلارنىڭ ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ: ''ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھتىن 'ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل' دەپ سورىدىم. ئۇ: **'ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز'** دەپ جاۋاب بەردى. مەن: 'ئاندىن كېيىنچۇ؟' دەپ سورىسام، ئۇ: **'كىشىلەرنىڭ سېنىڭ تىلىڭدىن ئامان بولۇشى'** دەپ جاۋاب بەردى''(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).

بىز تەپسىرلەۋاتقان بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىف مەتىن(تېكىست)لىرىگە كۆپلەپ نەزەر سالساق، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنىڭ ئەمەل، قىممەت قاراش ۋە ھەر خىل تەكلىپات (يۇكلەنمە)لارنىڭ قايسىسىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ ياخشى، ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىشتىكى رامكىلارنى ئالدىمىزغا قويغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇنداقلا مەزكۇر ئەمەل، قىممەت قاراش ۋە تەكلىپاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن: ''**كىمكى فىدىيەنى(بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن(روزا تۇتماي فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر**''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **184** ـ ئايەت}. ''**جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ**''(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ياخشى ئەمەللەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ رامكىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك، يامان ئەمەللەرنى ئايرىشنىڭمۇ رامكىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭمۇ، خاراكتېرىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنداقلا ئەڭ يامان، دەپ قارالغان گۇناھلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان: ''**زىيانكەشلىك قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر**''{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **191** ـ ئايەت}. ''**كىشىدىكى ئەڭ يامان ئىللەت ـــ ئۇچىغا چىققان بېخىللىق ۋە چېكىگە يەتكەن قورقۇنچاقلىقتۇر**''(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

بىر ۋاقىتتا ئەۋزەل بولغان ئىش يەنە بىر ۋاقىتتا ئەۋزەل بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىلمىي، فىقھىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن بولسا، ئىككى ۋاقىتنىڭ شۇنداقلا ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ پەرقىنى ئايرىيالماي قالىدۇ. مەسىلەن: مەسچىت بىنا قىلىشقا پۇل ئىئانە قىلىش ياخشى ئىش. كىشىلەر بۇنىڭغا ھەسسىلەپ پۇل ئىئانە قىلىشىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان بىر ئىشقا، يەنى ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، جىددىي داۋالىنىشقا بولمايدىغان ئېغىر كېسەلنى داۋالاشقا پۇل ئىئانە تەلەپ قىلىنسا، ئۇنىڭغا بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە مەسچىت قۇرۇلۇشىدىن ئادەم ھاياتىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن مەسچىتكە ئىئانە قىلىشىمۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالماي قالىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، پەرزلەرنىڭمۇ ۋاقىت

ئېتىبارى بىلەن پەرقى بار. جىددىي قىلمىشقا تېگىشلىك پەرزلەر كېچىكتۈرۈپ قىلىنسا بولىدىغان پەرزلەردىن مۇھىمدۇر. شۇڭا، ئۇنى بالدۇر قىلىشمۇ پەرز بولىدۇ. مەسىلەن: پەرز نامازنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى، دەل شۇ چاغدا قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى. ئۇ كىشى ناماز ئوقۇيمەن، دەپ ئوتنى ئۆچۈرمىسە، ئۆي كۆيۈپ كۈل بولىدۇ. ۋەھالەنكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئادەم ۋە مال-مۈلۈكنى قۇتۇلدۇرۇش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي پەرزدۇر.

مەلۇم بىر ياخشى ئىشنى قىلىش بەزىدە مۇستەھەب بولسا، بەزىدە شۇ ئىشنى قىلماسلىق مۇستەھەپ بولىدۇ. چۈنكى، شۇ ئىشنى قىلىش بەزىدە پايدىلىق بولسا، بەزىدە زىيانلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىنى چېقىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان ئەسلىي ئۇلى ئاساسىدا ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بارماقچى بولغان. بىراق، كىشىلەرنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە جاھىلىيەتچە قىممەت قاراشنىڭ تېخى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن پىتنە-پاسات يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ بۇ ئىشنى توختىتىپ قويغانلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بەزى كىشىلەر نەپلە ئىبادەت، قوشۇمچە ئىشلارغا پەرز، ۋاجىب ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىددىي زۆرۈرىيەتلەردىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىش، قوشنا-خولۇملارغا ياخشىلىق قىلىش، ئاجىزلارغا يار-يۆلەك بولۇش، يېتىم-مىسكىنلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق پەرزلەرگە ئانچە كۆڭۈل بولۇپ كەتمەيدۇ؛ بەزى كىشىلەر ناماز، روزا، ھەج ۋە زىكرى-تەسبىھكە ئوخشاش شەخسىي ئىبادەتلەرگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش، كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇش، ياخشىلىق، تەقۋادارلىققا ياردەم قىلىش، سەۋرچان، مېھرىبان بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق جەمئىيەتكە بىۋاستە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتكە پايدا بولسا ئۆزىگىمۇ پايدا بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىبادەتنى نوقۇل، خاس دىنىي پائالىيەت، دەپلا چۈشىنىدۇ. ئىبادەتنىڭ كەڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئىبادەتنى تار مەنىسىدە چۈشەنگەن كىشىلەر يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، پەقەت ئۆزى ۋە ئائىلىسىگىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان شەخسىيەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ئىشنى قىلىشتا ئۆزىگە بىۋاستە پايدا بولسا قىلىدىغان، بولمىسا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىز مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، بىز كۆپىنچە دىنىنىڭ شەخسىي ئىبادەت تەرىپىنىلا تەكىتلەپ، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت تەرىپىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىمىزنى بايقايمىز. ئەمما، ساھابىلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەممە ئىشقا ئۆز جايىدا مۇئامىلە قىلغان، يەنى شەخسىي ئىبادەتلىرىنى قىلىدىغان چاغدا ئۇنى ئۆز روھلىرىنى تاۋلاپ، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى روھىي ئاساسى دەپ بىلىپ، ئۈن-تىنسىز جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلاپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن. ئۇلار ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرنى قىلىدىغان چاغدا ئىمان يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىبادەتلىرىنى ھەقىقىي مەناغا ئىگە قىلغان. شەخسىي ئىبادەت بىلەن ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنىڭ قايسى مۇھىم دېگەن مەسىلىدە ئۇلار ئەلۋەتتە، ئۆز نۆۋىتىدە ھەر ئىككىلىسى مۇھىم، دەپ قارىغان.

بىز يۇقىرىقىلاردىن بىراۋنىڭ مەن دېگەن ئىبادەتلەرنى ئاجايىپ ئىخلاس بىلەن قىلىمەن، دەپ تۇرۇپ، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلمىسە، ئۇنداق كىشىنىڭ ئىبادىتىنىڭ ئۆزىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى؛ ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئۆز جايىدا تەڭ كۆڭۈل بۆلەلىسە، ئۇنىڭ ئىبادىتىنىڭ ئۆزىگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى؛ شەخسىي ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرگە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ ئالەمشۇمۇل تۆھپە ياراتسىمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتكە پايدىسى بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ روھى مەلۇم جەھەتتىن قۇرغاقلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى؛ شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تەقۋادارلىق ۋە

روھىي سۈپەت دەرىجىسى تۆۋەنلەپ، تەدرىجىي ھالدا دۇنيانىڭ ياخشى ئادىمى بولۇپ، ئاخىرەتنىڭ ياخشى ئادىمى بولالماي قالىدىغانلىقىنى؛ ھەر ئىككىلىسىگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرگەندە، ئىككىلا ئالەمنىڭ ئەڭ ياخشى ئادىمى بولالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ، ئىسلام نەزىرىدىكى ياخشى ئادەم بولۇپلا قالماي، ئەڭ ياخشى ئادەم. شۇنداقلا ”ئەڭ ياخشى ئۈممەت“نىڭ بىر ئاكتىپ ھۈجەيرىسى، ئىلغار ئۈلگىسى! شۇڭا، شەخسىي ئىبادەت بىلەن ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنى پەرق ئېتىش بىر مۇسۇلماننىڭ قىممەت قارىشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ دەرىجىسى بولىدۇ: ياخشى ئىشلارنىڭ دەرىجىسى بولغاندەك، يامان ئىشلارنىڭمۇ دەرىجىسى بولىدۇ. مەسىلەن: پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب، مۇباھ، ھارام، مەكرۇھ، شۈبھە دېگەندەك. ئەلۋەتتە ۋاجىبتىن بۇرۇن پەرزنى، سۈننەتتىن بۇرۇن ۋاجىبنى، مۇستەھەبتىن بۇرۇن سۈننەتنى ئاۋۋال ئادا قىلىش كېرەك؛ مەكروھتىن بۇرۇن ھارامنى، شۈبھىدىن بۇرۇن مەكروھنى تەرك ئېتىش كېرەك. ئومۇمەن، ئاۋۋال ئەڭ مۇھىمنى، ئاندىن بىر قەدەر مۇھىمنى قىلىش كېرەك؛ ئاۋۋال ئەڭ زىيانلىق ئىشنى تەرك ئېتىش كېرەك، ئاندىن كېيىن بىر قەدەر زىيانلىق ئىشنى تەرك ئېتىش كېرەك. نېمىنىڭ كەينىدىن نېمىنى قىلىشنى بىلىش ئىبادەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدىمۇ ھەتتا ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدىمۇ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. شۇڭا، ئىبادەتنى دۇرۇس، تۇرمۇشنى خاتىرجەم، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئۈنۈملۈك قىلىش ئۈچۈن ”ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك“ دېگەن بۇ پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىش لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، ”ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك“ دېگەن بۇ فىقھە، تەمرەتكىدىن بۇرۇن يۈرەك كېسەللىكى، يەنى ھەرقانداق ئادەتتىكى كېسەلدىن بۇرۇن جىددىي كېسەلنى داۋالاش كېرەك، دېگەن جانلىق مىسالدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ”ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك“ دېگەن بۇ پرىنسىپ ”تۈگمىنى دەپ، تۆگىدىن قۇرۇق قالماسلىق“تىن ئىبارەت بىر قىممەت قاراشنى ھەرقاچان ئەسكە سېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ”ئەڭ ياخشى ئۈممەت“ بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ قىلىش كېرەك. دەرىجىسى بويىچە، قەرەلى بويىچە جايىغا كەلتۈرۈپ قىلىش كېرەك. پەرۋەردىگارىمۇ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى كىشىلەرنىڭ قايسىسى مۇشۇ ئۇقۇم، مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئىش قىلالايدۇ، دەپ ياراتقان. پەرۋەردىگار كىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئىش قىلالايدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەزەلىي تەقدىرىدە بىلگەن، بىراق مۇشۇ تەقدىرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، كىشىلەرگە تەقدىرگە باھانە ئىزدەشنىڭ يولىنى ئېتىپ، ئۇلارنى ھاياتىي دۇنيادا ئۈزۈكسىز تىرىشىشقا چاقىرغان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، تىراژى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. 2016 ـ يىللىق ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى 5 يۈەن، يىللىق باھاسى 20 يۈەن. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2016 ـ يىللىق سانلىرى يەنىلا يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى (شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى) ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167 ـــ 58،
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720،

مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە ـ تەشكىلات، مائارىپ ـ مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى




**مۇھەممەدجان تىلىۋالدى**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

عَنِ ابْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ مِنْ خِيَارِكُمْ أَحْسَنَكُمْ أَخْلَاقًا(رواه البخارى و مسلم).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاراڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلىرىدۇر"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى ئىدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). شۇڭا ئۇ زات ئاللاھ تائالانىڭ **"(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاققا ئىگىسەن"**{سۈرە«قەلەم»(68 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت} دەپ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. ئۇ زات يەنە **"مەن گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"**(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان) دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، قۇرئان كەرىمدىكى گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇنداقلا **"ئاراڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلىرىدۇر"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا، ئەخلاقسىز ناچار ھەرىكەت، قەبىھ قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىق قىلغانىدى.

## ھەدىس شەرىپ تەھلىلى

گۈزەل ئەخلاق ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى، تائەت ـ ئىبادىتى، ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى، ئىدىيەسى، مىجەز ـ خۇلقى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزاندۇر. نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ياخشىلىق دېگەن گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ دېگەن كۆڭلۈڭ غەش بولغان ۋە**

**كىشلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر»** دېدى( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىنسانىيەت جەمئىيىتى گۈزەل ئەخلاق چەمبىرىكى ئىچىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئىنساننىڭ بىباھا گۆھىرى بولۇپ، بۇ گۆھەرگە ئېرىشكەن كىشىگە بەخت ـ سائادەت يار بولىدۇ...

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«بىر بەندە گەرچە كۆپ ئىبادەت قىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاخىرەتتە يۇقىرى دەرىجە ۋە ئېسىل ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. بىر بەندە گەرچە كۆپ ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ يامان ئەخلاقى بىلەن جەھەننەمدىكى ئەڭ پەس ئورۇنغا ئېرىشىدۇ»**( تەبرانى رىۋايەت قىلغان). گۈزەل ئەخلاق چاقناپ تۇرغان ئۈمىد يۇلتۇزى ۋە بەخت بايلىقى كەبى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئۇلۇغۋار غايىلىرىگە ۋە ئۆز ئىشلىرىدا يەتمەكچى بولغان مۇھىم نىشانلىرىغا داغدام يول ئېچىپ، ياخشىلار مەنزىلى بولغان جەننەتكە يەتكۈچى نۇرانە يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە گۈزەل ئەخلاق»** دېگەندى. يەنە: «كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئېغىز ۋە جىنسىي ئەزا»** دېگەندى( تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

گۈزەل ئەخلاق ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا نېمەت، ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلب گۈزەللىكى ۋە نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ نامايەندىسى. ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. «دەرەخنىڭ زىننىتى ياپراق، ئادەمنىڭ زىننىتى ئەخلاق» دېگەندەك ئادەم ئەخلاق بىلەن گۈزەل بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى بولمىغان ئادەمنىڭ ھايۋاندىن چوڭ پەرقى بولمايدۇ. «ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىنساننىڭ بەلگىسى، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىنساننىڭ گۈزەللىك تاجىسى. ئەدەپ كىچىكلەر ئۈچۈن سائادەتكە سەۋەبچىدۇر، ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن مەرتىۋىلىك بولۇشقا سەۋەبچىدۇر»( ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى). «ئەدەپ ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ياپىدۇ، ئادەمنى مەسخىرە ـ كەمسىتىشتىن ساقلايدۇ. ئەدەپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئىنسانىي پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئارام بېرىدۇ. ئەدەپسىز كىشىلەر مەيلى قانچىلىك دەرىجىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولسۇن، بەختلىك بولالمايدۇ»( ئەلشىر نەۋايى).

گۈزەل ئەخلاق جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇردۇر. شۇ نۇرغا ئېرىشىش، يەنى گۈزەل ئەخلاقنى ۋۇجۇدىمىزغا مۇجەسسەم قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق مەنىسىز ھەرىكەت ئەمەس، تۆلەنگەن بەدەل پايدىسىز، مەنپەئەتسىز ئىش ئەمەستۇر. ئېنىقكى، قايسى ئەلدە ئەخلاقسىزلىق ئەۋج ئالسا، شۇ ئەل پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ قايسى ئائىلىدىن ئەخلاق كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، شۇ ئائىلە بەختسىزلىككە يۈزلىنىدۇ؛ قايسى ئادەم ئەخلاقسىز بولسا، شۇ ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك قەدىر ـ قىممەت ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز «ئادەمنى ئادەم قىلغان ــ ئەدەپ»، «ئابرۇينى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس»، «ئەخلاق ــ ئادەم زىننىتى»، «ئەدەپ ــ ئەقىلنىڭ سۈرىتى»، «بايلىق ئۇيۈڭنى بېزەر، ئەخلاق ئۆزۈڭنى بېزەر»، «پۇلۇڭ بولمىسا بولمىسۇن، يۈزۈڭ بولسۇن» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ھەرقانداق شارائىت ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەخلاقنى يوقاتماسلىق، گۈزەل ئەخلاققا چىڭ يېپىشىپ ياشاشقا چاقىرىق قىلغان.

گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان ئىش ـ ئەمەللەرنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا چاقىرىش، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئىلھام ـ مەدەت بېرىش، ئەخلاقسىز كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا دادىل قارشى تۇرۇش ھەقىقىي تەقۋادار مۆئمىن مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى**

www.uyghurkitap.com

**قولى(ئەمەلىي ھەرىكىتى) بىلەن تۇسسۇن، ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇنى تىلى بىلەن(سۆزلەش ئارقىلىق) تۇسسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۇ ئىشقا قەلبىدە بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبىدە نارازى بولۇش ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدۇر**»(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئېنىقكى، جەمئىيەتتە گۈزەل ئەخلاق ئومۇملاشقاندا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكىلى، ئارىدىكى چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. تاسادىپىي پەيدا بولىدىغان زىددىيەت، ئازارلىنىش، ئاداۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ يالقۇنجاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، «**ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ**»{سۈرە «فۇسسىلەت»(**41** ـ سۈرە)، **34** ـ ئايەت} ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر ئادەمنى پۇل ـ مال ياكى قوپاللىق بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، سىلىق سۆز ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مايىل قىلىش تامامەن مۇمكىن.

گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتا نېمىلەرنى قىلىپ نېمىلەرنى قىلماسلىقى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى، قانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولۇشى، بىر ـ بىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلىدە بولۇشى، كىشىلىك ھاياتتا قانداق ياشاش ۋە قانداق ئادەم بولۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى پاكلىق ۋە ناپاكلىق، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك نۇقتىسىدىن بېشارەت بېرىپ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىگۈچى ئەينەكتۇر. ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**گەرچە ھەق ئۆزى تەرەپتە بولسىمۇ جېدەللىشىشنى تەرك ئەتكەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشقا كېپىلمەن. چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ يالغان سۆزلىمىگەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشقا كېپىلمەن. گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىگە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن جايىدىن بىر ئۆيگە ئورۇنلىشىشقا كېپىلمەن**»(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

گۈزەل ئەخلاق بارچە ياخشىلىقنىڭ ئانىسى. ئىززەت ـ ھۆرمەت، قەدىر ـ قىممەت، نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەت گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن كېلىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى يارىتىدۇ، ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆزى يازىدۇ. ئېتىقادى كامىل، ئەخلاقى پازىل، ھەر ئىشقا قابىل كىشىلەر ھاياتلىق ئېتىزىغا گۈل تەرگۈچى باغۋەنلەردۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**شۈبھىسىزكى، مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ**»(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). ئېنىقكى، گۈزەل ئەخلاقلىق مۇئمىن مۇسۇلمان ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىدۇ، چىرايلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، ھەمىشە ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ئۈلگە قىلىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. ئىنسان ۋۇجۇدىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىگەندىلا ئىپپەت ـ ھايالىق، چىدام ـ غەيرەتلىك، سەۋرى ـ تاقەتلىك، سەممىي ـ ساداقەتلىك، كەمتەر ـ ئېھتىياتچان، مۇلايىم، ئەپۇچان، ئېغىر ـ بېسىق، گۈزەل غايىلىك، قايتماس ئىرادىلىك، روھىي دۇنياسى مۇكەممەل ئادەم بولالايدۇ. ئەكسىچە، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسىگە سەل قارالسا گۈزەللىكنىڭ ئورنىنى خۇنۇكلۇك، ياخشىلىقنىڭ ئورنىنى يامانلىق ئىگىلەيدۇ. ئەخلاق ـ پەزىلەتسىز ئادەم يامان ئىش ـ ھەرىكەت، ناچار خۇي، ئەسكى ئىللەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. بۇنداقلار ئىش ـ ھەرىكەت، سۆزلىرى قوپال، بىھايا، نومۇسسىز، رەھىمسىز، ساختىپەز، ۋاپاسىز، نەپسانىيەتچى، يالغانچى، مەنمەنچى، بېخىل، چېقىمچى، جېدەلخور، ئوغرى، بۇلاڭچى، كەيىپۋاز... قاتارلىق گۇناھ ـ مەئىيسەت، خاتا ـ جىنايەت يولىغا كىرىپ قالىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامانلىقى بۇزۇلىدۇ. بىر قەۋم، بىر يۇرتقا بالايىئاپەت، جىنايى قاباھەت ئەنە شۇنداق ئىمان ـ ئېتىقادسىز، ئەخلاقسىز، ۋىجدانسىز دىلى كورلاردىن كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**ھەقىقەتەن كۆزلەر كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)**»

{سۈرە«ھەج»(22 ـ سۈرە)، **46** ـ ئايەت}

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار**“{سۈرە«ئال ئىمران» (**3** ـ سۈرە)، **103** ـ ئايەت}. شۇڭا ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلمان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى گۈزەل ئەخلاق مىزانى قىلىپ، ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەپ، ئەخلاق ئارقىلىق قەلبىنى پاكلاپ، روھىنى ساپلاشتۇرۇشى، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشى، گۈزەل ئەخلاق ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدا توغرا ئۇنۇم قازىنىش، خاتالىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىزدىنىشى لازىم.

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك گۈزەل ئەخلاقنى چۈشەندۈرۈپ: ”خۇش چىراي بولۇش، ياخشىلىقنى ئايىماسلىق، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك“ دەيدۇ. كىشىلەر بىر دانىشمەندىن: ”گۈزەل ئەخلاقنى نەچچە نەرسە بىلەن خۇلاسە قىلساق بولىدۇ؟“ دەپ سورىغاندا، دانىشمەن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: ”ئۇن نەرسە پۈتۈن گۈزەل ئەخلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، ھەممىگە چىرايلىق، ياخشى خاراكتېر بىلەن مۇئامىلە قىلماقلىق. ئىككىنچى، توغرىلىقنى ئۆزىگە مىزان قىلىش، يالغانچىلىق، كاززاپلىقتىن يىراق تۇرۇش. ئۈچىنچى، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە باشقا كىشىلەرگە كۆيۈمچان ۋە شەپقەتلىك بولماقلىق. تۆتىنچى، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق. بەشىنچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق. ئالتىنچى، خەير ـ ئېھسان قىلىدىغان ساخاۋەت ئىگىسى بولۇش، بېخىللىقتىن يىراق بولماقلىق. يەتتىنچى، قولۇم ـ قوشنا بىلەن ئەپ ئۆتۈش، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاشكارا قىلماسلىق. سەككىزىنچى، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە سەممىي مۇئامىلە قىلىش، قولىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئايىماسلىق. توققۇزىنچى، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئوچۇق چىراي، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالماقلىق. ئونىنچى، ھايالىق ۋە نومۇسچان بولماقلىق. چۈنكى، ھايا ھەممە گۈزەل ياخشى خىسلەتنىڭ بېشىدۇر“.

گۈزەل ئەخلاق ھەقىقىي خانلىق تەختى، ئادىمىيلىك بەختىدۇر، كىشىنى پەسلىكتىن ساقلىغۇچى، ئۇلۇغلۇققا يەتكۈزگۈچى كۈچتۇر. ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**قىيامەت كۈنى مۆئمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر تۇختايدىغان نەرسە يوق، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا يامان سۆز قىلغۇچى، سۆرەن سالغۇچى ئادەمنى يامان كۆرىدۇ**“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، گۈزەل ئەخلاق ـ ئىنساننى ئىنسان قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر. ئەخلاقى چېكىنىش ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى ياكى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەخلاق يوق كىشىدە ھايامۇ بولمايدۇ. ئەخلاقسىز ئادەم يۈزى قېلىن، ئىدىيەسى بۇزۇق، ھېچكىم ۋە ھېچنېمىدىن تەپ تارتماستىن رەزىل ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەمدۇر. كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان، تۆھمەت چاپلايدىغان، يالغان گەپ، بىھۇدە سۆزلەرنى تولا قىلىدىغان كىشىلەر دەل ئەخلاقى يوق، چاكىنا ئادەملەردۇر. ئەخلاقسىز ئادەم جەمئىيەت ئۈنىگدىن قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدۇ. ئۆزىنى كىشىلەرگە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا قاتتىق قىزغىن، سەممىي بولۇۋاتقاندەك كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇ يەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاق يول قويمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. مۆئمىن مۇسۇلمان كىشى بۇنداق ئەخلاقسىز ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىشى، يىراق تۇرۇشى لازىم.

ئەزىز قېرىنداشىم! ئەخلاق ئىشى ھەقىقەتەن مۇھىم ئىش. ئۇ مېنىڭ ياكى سىزنىڭ شەخسىي ئىشىمىز ئەمەس. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، شۇنداقلا جىددىي قارايدىغان مۇھىم ئىشىمىزدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**مۆئمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغانلىرى ئۇلاردىن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغانلىرىدۇر**“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان) كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىمان ـ ئېتىقاد، ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق ھېچكىم پارچىلىيالمايدىغان مۇستەھكەم بىر گەۋدە. بۇنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاڭ ۋە ئىدىيەسىگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىشى بەكمۇ زۆرۈردۇر. ئىنسان دەپ نامى بار، ئەمما ئەخلاقى يوق ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قۇرۇق قول قالغۇچى، ھاياتلىق سودىسىدا زىيان تارتقۇچى ئادەمدۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**قىيامەتتە ماڭا**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغىنىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئۆچلۈكۈمنى كەلتۈرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار ۋالاقتەككۇر، گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان، مەمەدانلىق قىلغۇچىلاردۇر"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). دېمەك، گۈزەل ئەخلاق بارلىق ياخشىلىقنىڭ باشلانمىسىدۇر. گۈزەل ئەخلاق ئادىمىيلىكنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر ھەربىر كىشى ئۆزىنى ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ تەلىپىگە يەتكۈزسە، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر تەدرىجىي تۈگەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئارقىلىق ئېخىمۇ ئىناق ـ ئىتتىپاق ۋە تىنچ بولغان، ساغلام تەرەققىياتقا ئىگە جەمئىيەتنى بەرپا قىلىپ، خۇشال ـ خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىگە بولغىلى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1**. ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقنى تەرغىب قىلىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغانلىرى ئىكەنلىكى؛

**2**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكى، قۇرئاندىكى گۈزەل ئەخلاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئىكەنلىكى؛

**3**. گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى؛

**4**. گۈزەل ئەخلاقتا ياخشىلىق بارلىقى، چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، يامانلىقنى تەرك ئېتىشكە ئالدىرايدىغانلىقى؛

**5**. تائەت ـ ئىبادەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىنساننى جەننەتنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقى؛

**6**. گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقى؛

**7**. گۈزەل ئەخلاقنى تەرغىب قىلىش، كىشىلەرنى ئەخلاقلىق بولۇشقا چاقىرىش، ئەخلاقسىز، قەبىھ، ناچار قىلمىشلارنى چەكلەشنىڭ مۆئمىن مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى؛

**8**. ئىمان بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بارلىقى، بەندە گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاندا ئىمانىمۇ كامىل بولىدىغانلىقى، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ، ئەزىيەتنى توسۇپ ياخشىلىق قىلغاندا، ئۇ كىشىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەۋزەل ھېسابلىنىدىغانلىقى؛

**9**. بەندىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى جەملىشى لازىملىقى، تەقۋالىق ئارقىلىق ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈچەيسە، گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىدىغانلىقى؛

**10**. گۈزەل خۇلقنىڭ ئەجرى ئەڭ كۆپ بېرىلىدىغان پەزىلەت ئىكەنلىكى، چۈنكى گۈزەل ئەخلاقتا گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى جەملەنگەنلىكى؛

**11**. ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى گۈزەل ئەخلاق مىزانى قىلىپ، ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەپ، ئەخلاق ئارقىلىق قەلبىنى پاكلاپ، روھىنى ساپلاشتۇرۇشى، تائەت ـ ئىبادەت، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە خاتالىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىزدىنىشى لازىملىقى؛

**12**. ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭرىلىكى، خۇش چىراي بولۇش، ياخشىلىقنى ئايىماسلىق، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، توغرىلىقنى ئۆزىگە مىزان قىلىش، يالغانچىلىق، كازززاپلىقتىن يىراق تۇرۇش، ھايالىق ۋە نومۇسچان بولۇشنىڭ گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى؛

**13**. گۈزەل ئەخلاقنىڭ مىزان تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغانلىقى، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىنىڭ جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقسىز كىشىلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقى.

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



# تەكەببۇرلۇق ۋە مەسخىرىۋازلىق توغرىسىدا

ھۇسەنجان تۇرەك

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئىنسانلارنى بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، كەمچىلىكىنى كەچۈرۈشكە بۇيرۇپ ئىناقلىق ئىچىدە بەختلىك ياشاشقا ئۈندىگەن ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى(يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم(ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار(ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر- بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرىشماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسىقى بىلەن ئاتاش(يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (بۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر**“{سۈرە «ھۇجۇرات»(**49** - سۈرە)، **11** - ئايەت}.

ئەگەر ئىنسانلار ئۆز تەبئىتى ۋە ھاياتى دۇنيادىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، باي - نامراتلار ئارىسىدىكى پەرقىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، ئاللاھ يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرمىغان بولاتتى.

ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئۆزىنى مۇكەممەل ساناپ، باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان، بۇ ناچار قىلمىش كىشىلەر ئارا ئۆچ - ئاداۋەت، دۈشمەنلىشىشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بۈيۈك ئاللاھنىڭمۇ غەزىپىنى قوزغايدۇ: ”**كىشىلەردىن مەنستىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**“{سۈرە«لوقمان»(**31** - سۈرە)، **18** - ئايەت}.

ئىسلام دىنى، چوڭچىلىق، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەشنى نادانلىق، گۇناھلار قاتارىدىن سانايدۇ. چۈنكى، بۇنداقلار ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر خالىق ھېكمىتىنى چۈشەنمىگەن، ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى بىر چەتكە قايرىپ

ۋەز - تەبلىغ

قويغان، كىشىلىك ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنىڭ ھېكمىتىگە پەرۋاسىز قارىغان نادانلاردىن ئىبارەت.

ئىنسانلارنىڭ قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلىشلىرى، باي ـ نامرات، ئىشچى ـ خىزمەتچى، دېھقان، تىجارەتچى...بولۇشلىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ بىر تەجەللىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسنى(ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى(يەنى پۇل- ماللىرى)دىن ياخشىدۇر**“{سۈرە«زۇخرۇف»(43 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت}. بۇ يەردە دېيىلگەن دەرىجىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن بولۇشى پۇل ـ مال، نام ـ ئابرۇي، خىزمەت بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، بەلكى بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كۈچى ئارتۇق بولسا، بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئارتۇق بولىدۇ، بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ تىجارەتكە ئېپى بولسا، بىرقىسىم كىشىلەر ھۈنەر ـ سانائەتكە ماھىر كېلىدۇ، ھەربىرىنىڭ ئۆز ئورنىدا كاتتا ئالاھىدىلىكى بار. مەسىلەن، بىز دېھقاننى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتىگە ھەرقانداق ۋىجدانلىق، ئەقىللىك كىشى كۆز يۇمالمايدۇ.

تىجارەتچىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن قولايلىقى ۋە قوشقان تۆھپىسىنى كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. نامرات ـ ئاجىزلارغا كەلسەك، ئۇلار خەيرخاھلىق ۋە ياخشىلىققا ۋەسىلە بولغۇچىلاردۇر. ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىشتىكى كۈچ، ئۇنىۋېرسال پائالىيەتتىكى ئاۋانگارتلاردۇر.

يۇقىرىقىدەك پەرق ئىنسانلار ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىش كېرەك بولغان كاتتا بىر نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھ سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكرى قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى**“{سۈرە«ئەنئام»(5 ـ سۈرە)، 165 ـ ئايەت}.

دېمەك، ئالىم ـ نادان، باي ـ نامرات، قېرى ـ ياش، ئىشچى ـ خىزمەتچى، كارخانىچى، ھۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچىلەر ۋە باشقا ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان پائالىيىتىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشنى ئايلانما ئېقىمغا كىرگۈزۈپ تاكى قىيامەتكىچە دەۋرلىك(ئۈزلۈكسىز) تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ”**بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىنىدۇق، سەۋر قىلامسىلەر؟ (يەنى سەۋر قىلىڭلار) پەرۋەردىگارىڭ(سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن سەۋر قىلمىغۇچىلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**“{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 20 ـ ئايەت}; ”**ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئاللاھ(سىناش يۈزىسىدىن) خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، (خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، شەك- شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار**“{سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 52 ـ ئايەت}.

ئىنسانلارنىڭ كېلىش، كېتىش مەنبەسى ئوخشاش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتتى(چۈنكى ئاتاڭلار ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان ئىدى)، ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى(ئۆلگەندىن كېيىن) زېمىنغا قايتۇرىدۇ(يەنى زېمىندا دەپنە قىلىنىسىلەر)، ئاندىن سىلەرنى(قىيامەت كۈنى) زېمىندىن چىقىرىدۇ**“{سۈرە«نۇھ»(71 ـ سۈرە)، 17 ـ، 18 ـ ئايەتلەر}. شۇنداق، ئىنسانلارنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن كېتىش مەنبەسى بىر، ئەمما بۇ دۇنيادىكى ئۆتكۈنچى ھاياتتا كىشىلەر ئاللاھ بەرگەن نىسپىي(يېرىم) ئىختىيارلىقىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئاللاھنىڭ دۇنياغا ياراتقان ھەقىقەتلىرىنى تونۇپ جەننەتكە ئېرىشىدۇ ياكى ئاللاھنىڭ دۇنياغا ياراتقان ھېكمىتىنى نادانلىق قىلىپ چۈشەنمەي، ئاللاھ بەرگەن ئىمتىياز، ئىقتىسادلىرىدىن كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئەيىبلەپ، يامان ئاقىۋەتكە مەھكۇم بولىدۇ.

كىبىر ـ ھاكاۋۇرلۇق ۋە باشقىلارنى كەمسىتىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم**

**جەننەتكە كىرمەيدۇ**» دېدى. بىر ئادەم: «بىز ھەقىقەتەن كىيىم ۋە ئايىغىمىزنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىمىز» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**ھەقىقەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر**» دېدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يەنە ھارىس ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار: قوپال، بېخىل، تەكەببۇر كىشىلەردۇر**»(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). دېمەك، تەكەببۇرلۇق دېگەن ئادەمنى ئىنسانىي ئەخلاقتىن چىقىرىپ يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغان خاتا يولدۇر، ناچار كۆزقاراشتۇر.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى قەبىلىسىدىن پەخىرلىنىش، نەسەبلىرىدىن پەخىرلىنىش، پۇل-پۇچەكلىرىدىن پەخىرلىنىش، قۇللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك قاتارلىق ناچار قىلمىشلار ئەۋجىگە چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ناچار قىلمىشقا دەسلەپتىلا رەددىيە بېرىپ: «**ھەممە ئادەم تاغاقنىڭ چىشىدەك باباراۋەر**» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئەڭ ئاخىردا ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە بۇنداق پەس قىلىقنى تاشلاشقا چاقىرغان: «**ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەم ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. كىم ئەڭ تەقۋادار (ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يانغان ئادەم) بولىدىكەن، شۇ ئادەم ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر، (ئەرەب بولغان ئادەم بىلەن ئەرەب بولمىغان) ئادەمنىڭ قايسىسى تەقۋادار بولسا شۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىكتۇر**» (رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمىھالىدىن).

دېمەك، كىمكى ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، گۈزەل پەزىلەت بىلەن ياشايمەن دېسە، قولۇم-قوشنىلار، دوستلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارا بىر-بىرىنى ئەيىبلەپ، مەسخىرە قىلماستىن، كەمچىللىكىنى ئەپۇ قىلىپ، ئىناقلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ بەختلىك ياشاشلىرى كېرەك.

كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىدىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاشقا كۈچەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىمتىياز، پۇل-پۇچەك، نام-ئابرۇيلىرىغا ھەسەت قىلىپ ئۆزىنى پەسلەشتۈرمەي، ھاكاۋۇرلارنىڭ پەس قىلىقلىرىغا خېرىدار بولۇپ ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرماي، ئۆز تۇرمۇشىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئەجىر قىلىپ، قانائەتچان، مەردانە ياشاشلىرى كېرەك.

«**ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا(بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار**»{سۈرە«لوقمان» (31-سۈرە)، 33-ئايەت}.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## پەيزىۋات ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئوبۇلقاسىم يۈسۈپ يۇرتداشلىرىغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، پەيزىۋات ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، پەيزىۋات ناھىيە مىشا يېزا 14-كەنت-مەھەللىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئوبۇلقاسىم يۈسۈپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 30 مو تېرىلغۇ يېرىگە تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇپ، ئاشلىق ۋە پاختىدىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئالدى. دېھقانچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلىغا قوي سېتىۋېلىپ بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى كىرىمىنى يىلدىن-يىلغا ئاشۇردى. ئۇ باي بولغاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈپ كەلدى. بۇلتۇر ئەتىيازدا مىشا يېزا يېڭىباغ كەنت-مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ ئوغلى بۆرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ داۋالىتىشتا قىينىلىپ قالغاندا، ئوبۇلقاسىم يۈسۈپ 5000 يۈەن ياردەم قىلدى. بۇلتۇر كۈزدە يەنە بىرەيلەننىڭ ئوغلى ئۆپكە تىبىركۇلوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ داۋالىتىشقا پۇلى يەتمىگەندە 2000 يۈەن ياردەم قىلدى.2013-يىلى مىشا يېزا تۇغباستى ئۆستەڭنىڭ زاكۇ قۇرۇلۇشىغا پۇل يېتىشمىگەندە 1200يۈەن ياردەم قىلدى.

(مەخەت ھامۇللا)

# ئىسلام دىنى خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدۇ



بەكمۇرزا ئالتۇنباي

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

رايونىمىز خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق بىر قانچە دىننىڭ ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، شۇ تۈپەيلىدىن رايونىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر يات دىنلار ياكى يات مەدەنىيەتلەرگە تەۋە ھەر خىل خۇراپىي ئىش - ھەرىكەتلەر ۋە ئادەتلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ خۇراپاتلىقلار مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ساپ ئىمان - ئېتىقادىغا، گۈزەل ئەخلاقىغا، ئۆرپ - ئادىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە.

''خۇراپات'' دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، لۇغەت جەھەتتە ''خارابلاشتۇرۇش، بۇزغۇنچىلىق'' دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىستىلاھى جەھەتتە ئىسلام دىنىدا ئىلمىي ئاساسى ۋە شەرئى ھۆكمى يوق بولغان، رېئاللىققا ھەم ھەقىقەتكە قارىمۇقارشى سۆز - ھەرىكەتلەر، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان تۈيۇق يولنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا خۇراپاتلىق قانداق شەكىللىنىدۇ؟

خۇراپاتلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك ئىشلار ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا خاتا چۈشەنچە سەۋەبىدىن، ھادىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇماستىن ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە ئىشىنىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، شۇنىڭ نەتىجىسىدە كىشىلەردە ھەر خىل شېرىك ئېتىقادلار پەيدا بولىدۇ.

ئىسلام دىنى شەيئىلەرگە باھا بېرىشتە دەلىل - ئىسپاتنى ۋە ئىلمىيلىكنى ئاساس قىلىدۇ، ھەر خىل خۇراپاتلىقلاردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ھەر خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى گۇمانغا تايىنىپ تەھلىل قىلىشنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **''ئۇلارنىڭ تولىسى(بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر''**{سۈرە«يۇنۇس»(**10** - سۈرە)، **36** - ئايەت}.

خۇراپاتلىق قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت، ئۇ ھەر خىل خۇراپىي ئېتىقادتىن ۋە ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان خۇراپىي كۆزقاراشنىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولۇپ، خىلمۇخىل سەۋەب ۋە ئامىللار تۈپەيلىدىن بۈگۈنگە قەدەر خۇراپاتلىقنىڭ

گۇلخانلىرى كۆيۈپ تۇرماقتا. پال ئېچىش، غەيبتىن خەۋەر بېرىش، سېھىر-جادۇ قىلىش ۋە ھەر خىل مازار ۋە ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ ئۇلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش قاتارلىق خۇراپىي قىلمىشلار ھازىرغىچە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە سېھىر-جادۇنىڭ ماھىيىتىنى شۇنداق ئېچىپ بېرىدۇ: **"ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ(سېھىرگەرلەرگە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان(سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگەنگىنى بىلەن) كۇففار بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كۇففار بولدى"**{سۈرە«بەقەرە»(**2**-سۈرە)، **102**-ئايەت}. تېخىمۇ روشەن ھالدا ھۆكۈم قىلىپ سېھىرگەرلىكنىڭ كۇپۇرلۇق ۋە شېرىك ئىكەنلىكىنى، شېرىكنى ئاللاھنىڭ كەچۈرمەيدىغانلىقىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ: **"ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ"**{سۈرە«نىسا»(**4**-سۈرە)، **48**-ئايەت}.

قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن شېرىككە سەۋەبچى بولىدىغان، ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان، خۇراپىي ئىللەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**1**. پال سېلىش ۋە غەيبتىن سۆزلەش. بۇ، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار ۋە يوقاپ كەتكەن نەرسىلەر ھەققىدە يالغاندىن خەۋەر بېرىشتۇر. پالچىلار غايىبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان يالغانچىلار بولۇپ، ئۇلار ئالىقانغا قاراش، قاچىغا ئوقۇش ۋە قارتا ئېچىش قاتارلىق تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بەزى نادان كىشىلىرىمىز كوچا-دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرغان يالغانچى پالچىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىپ، ئازغۇن يوللارغا ماڭماقتا. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر شۇ پالچىلار ھەقىقەتەن غايىبنى بىلىدىغان بولسا، ئازغىنە پۇلنى دەپ ھارام يولغا ماڭماستىن، غەيب خەزىنىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى توپلاپ مىليونېر بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟

ئاللاھ تائالا بۇنداق كاززاپلىققا رەددىيە بېرىپ **"ئاللاھتىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ"**{سۈرە«نەمل»(**27**-سۈرە)، **65**-ئايەت} دېگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە رەسۇلۇللاھنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: **"ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام(دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم، (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشىلىق-يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ)، مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇشخەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن"** {سۈرە«ئەئراف»(**7**-سۈرە)، **188**-ئايەت}. دېمەك، پەيغەمبەر بولغان زاتمۇ شۇنداق دېگەن تۇرسا، پالچىلار غەيبنى قانداقمۇ بىلسۇن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غاپىللارغا سىگنال بېرىپ شۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى پالچىغا پال ئاچقۇزۇپ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە، ئۇ مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ"**(مۇنزىر رىۋايەت قىلغان).

**2**. باخشىلىق، داخانلىق، سېھىرگەرلىك.

ئىلىم-پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنى رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا دەپ ئاتىۋالغان بەزى سېھىرگەرلەر ۋە داخان-باخشىلار خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ۋە ئېتىقاد ساپاسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەنلىكىدىن پايدىلىنىپ خەلقىمىز ئارىسىدىكى خۇراپىي ئاڭنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئېتىقادىنى بۇزۇۋاتىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى باخشى، پالچىلاردىن چەكلەپلا قالماستىن يەنە كېسەلنى داخانغا كۆرسىتىشنى ياكى ئۆزى قىيىن دەپ قارىغان مەسىلىنى داخانلار ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇشنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەر داۋالىنىڭلار، ئاللاھ تائالا بىرەر كېسەلنى بەرسە ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بەرگەن، پەقەت ئۆلۈم بىلەن قېرىلىقنىڭ شىپالىسى يوق"**(ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، كېسەلنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تېپىپ

ئىلمىي داۋالاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىپالىقنى ئاللاھتىنلا سوراش لازىم. بۇنىڭ ئەكسىچە باخشى، داخانلارغا ئىشىنىش ئىسلامدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **"كىمكى باشقىلار ئۈچۈن ياكى ئۆزى ئۈچۈن ئالدىن بېشارەت ئىزدىسە، باشقىلار ئۈچۈن ياكى ئۆزى ئۈچۈن سېھرگەرلىك قىلسا ئۇ بىزنىڭ دىنىي قېرىندىشىمىز ئەمەس"**(بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار ئىمران ئىبنى ھۇسەيىندىن رىۋايەت قىلغان) دەپ تەپسىلىي ئەسكەرتكەن.

3. شۇم ـ پال ئېلىش ۋە ئىلىم ـ بېرىمدىكى خۇراپاتلىقلار.

بۇ تۈردىكى خۇراپاتلىقلار خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇن داۋاملىشىپ ئادەتكە ئايلانغان، دىنىدا ئاساسى يوق خۇراپاتلىقلار بولۇپ، بۇ ئىشلار كىشىلەرنى توغرا ئىسلام ئەقىدىسىدىن يىراقلاشتۇرماقتا. مەسىلەن: ئاياللار بوشانسا، دۇكان ئاچسا، سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئىسرىق سېلىپ ئىس پۈركىتىش، ئوت بالا ـ قازا جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلايدۇ دەپ قاراپ يېڭى كېلىننى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش ۋەھاكازالار. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئاتەشپەرەسلىك ۋە بۇددا دىنىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر. دۇكىنىغا كىرگەن بىرىنچى خېرىداردىن چۈشكەن پۇلنى يەرگە تاشلاپ دەسسىۋېتىپ ئاندىن ئۇنى ساندۇقىغا ياكى يانچۇقىغا سېلىش، ئوڭ قاپىقى تارتسا ياخشىلىق، سول قاپىقى تارتسا يامانلىققا بېشارەت دەپ قاراش، قاغا، سېغىزخان سايرىسا، كېچىسى خوراز چىللىسا بالا ـ قازادىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قاراش قاتارلىقلارمۇ دىنىمىزدا ئاساسى يوقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى قىلمىشلاردىن چەكلەپ **"قۇشلارنى ئۈچۈرۈۋېتىش بىلەن شۇم پال ئېلىش، باشقا نەرسىلەر بىلەن شۇم پال ئېلىش، يەرگە سىزىق سىزىش بىلەن شۇم پال ئېلىش بۇتپەرەسلىكتۇر"**(ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان) دەپ ئىسلامنىڭ مەيدانىنى بايان قىلغان.

خۇراپاتلىق ــــ ساپ ئەقىدىنى بۇلغايدۇ. ئىسلام دىنى بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالمىغاندا ئۆزىمىزگە ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلار يېتىدۇ.

1. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دىنىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ، شېرىك ئەقىدىلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

2. بۇ خۇراپاتلىقلار دىنىمىزغا ئارىلىشىپ ئىسلام دىنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، دىنىمىزنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەگكۈزىدۇ. ھەتتا بەزىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خۇراپىي دىن ئىكەن دەيدىغان خاتا كۆزقاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

3. جەمئىيەتتە ھەر خىل ئالدامچىلىق، ئەخلاقسىزلىق، ئىسراپچىلىق پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

ئۇنداقتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خۇراپاتلىقلاردىن قانداق ساقلىنىمىز ۋە ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

1) ئىمان ـ ئېتىقادى ۋە بىلىم سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن مۇسۇلمانلار دىنىمىزنىڭ ئەقىدە ـ ئەركان، ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ، توغرا ـ خاتانى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ساپانى ھازىرلىشى، ئەقىدە ۋە ئەخلاقنىڭ رولى ۋە قىممىتىنى توغرا چۈشىنىشى كېرەك.

2) ھەربىر مۇسۇلمان دىنىي بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن پەننىي بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشى، خۇراپاتلىقنى تونۇپ، ئۇنى تازىلاشقا تىرىشىشى لازىم.

3) مۇسۇلمان ئاممىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، جاھىلىيەت دەۋرىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كۇفرى قىلمىقلىرىنى توختاتمىغان ئاتالمىش پالچى، رەممچى، باخشى، سېھرگەر، داخانلارغا ئالىملىرىمىز ھەقنى تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى بۇ ئازغۇنلۇقتىن ياندۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

4) ھەربىر مۇسۇلمان ئاممىسى ئۆزى ئۈچۈن پەرز ئەيىن بولغان دىنىي ئىلىملەرنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەرنى قىبلىنامە قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، ئالدامچىلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى تونۇپ، بۇ ئازغۇنلۇقلارنى تازىلاش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر)



# پەرزەنت تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى

ئابدۇلئەھەد دولقۇن

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەرزەنت بولسا ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ كاتتا نېمەتلىرىنىڭ بىرى شۇنداقلا نەسەبنى ساقلاشنىڭ ۋاستىسى. ھالال تاپقان پەرزەنتنىڭ بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىدىن خۇشاللانمايدىغان، سۆيۈنمەيدىغان ئاتا ـ ئانا بولمىسا كېرەك. قايسى ئائىلە پەرزەنت يۈزى كۆرسە، شۇ ئائىلىگە خۇشاللىق، بەرىكەت، ئاۋاتلىق ياغىدۇ. دېمەك، پەرزەنت يۈزى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ زىممىسىگە شۇ پەرزەنتنى كىچىكىدىن باشلاپ ئەتراپلىق، ياخشى تەربىيەلەپ، توغرا يولغا باشلىشى ۋە كەلگۈسىدە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان، دۇنيا، ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن بولىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ”**ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالىچاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ**“{سۈرە «تەھرىم»(66 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت}.

دېمەك، ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالا كىشىلەرنى توغرا يولدا مېڭىشقا ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بالىچاقىلىرىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى يامان يوللاردىن توسۇپ توغرا يولغا باشلاشقا چاقىرغان ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ ھەقتە يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت دائىرەڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. پادىشاھ مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىدىن سورىلىدۇ. ئائىلە كىشىسى مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋە بالىچاقىلىرىدىن سورىلىدۇ. خىزمەتچىمۇ مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۇ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن سوراق قىلىنىدۇ. سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسىلەر، ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھەقىقەتەنمۇ پەرزەنتنى تۇغۇپ، بۇ دۇنياغا

www.uyghurkitap.com



ئاپىرىدە قىلىپ قويۇشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. پەرزەنتنى بېقىپ، ياخشى تەربىيەلەپ يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىش ھەربىر ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتىنى قانداق تەربىيەلەشنى بىلىشى ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش يولىدا ھارماي ئىزدىنىشى، جاپاغا چىداپ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشى، جۈملىدىن بالىنى ياخشى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.

بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كۆرىدىغىنى ئۆي ۋە ئائىلىدۇر. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ كۆزىگە چېلىققان ھەرقانداق نەرسە بالىنىڭ زېھنىگە مەھكەم ئورناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ زېھنىدە قالغان نەرسىلەرگە قارىتا شەكىللىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەرقانداق نەرسە بالىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل بولىدۇ.

ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: ”بالا ئاتا ـ ئانىغا ئامانەتتۇر. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچكىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ گۆھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان ياكى تەسىر قىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. دىققىتىنى تارتقان ھەرقانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. نېمىگە ئۆگىتىلسە شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولىدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە ياخشىلىق ئۈستىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيەلىگۈچىسى، ئىلىم ئۆگەتكۈچىلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا ئۇ يامانلىق ئۈستىگە كۆندۈرۈلسە ياكى ئۇنىڭغا ھايۋانلار بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىپ چوڭ بولسا، ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە سەل قاراپ ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىلسە، نەتىجىدە ئۇ يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە مەسئۇل بولغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش، ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەش ۋە ئادەتلەندۈرۈش، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش ھەم بۇنىڭدا ئىزچىل بولۇش كېرەك.

ئىمام غەززالى ئۆزىنىڭ «ئى ئوغۇل!» دېگەن رىسالىسىدە: ”بالا تەربىيەلەش خۇددى دېھقاننىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن باغۋەن زىرائەت ئارىسىدا ئۈنگەن ياۋا ئوت ۋە تىكەنلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىشى كېرەك“ دېگەن.

بىلىش كېرەككى، كۆچەتنى يوغىنىغاندا ئېگمەن دېسە سۇنۇپ كېتىدۇ. دېھقانچىلىقتىمۇ ئۇرۇقنى، تۇپراقنى ياخشى تاللاش، مايسا ۋاقتىدىكى پەرۋىشنى ياخشى قىلىشتەك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغاندىلا مول ـ ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. دېمەك، جانلىقلار ھاۋاغا موھتاج بولغاندەك بالىلارمۇ ئىلىم ـ تەربىيەگە شۇنچىلىك موھتاج. شۇڭلاشقا پۈتكۈل جەمئىيەت، مائارىپ ۋە ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن بالىلارنى تەربىيەلىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلىشى، بۇ مەسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، بارلىق دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىشى، بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم ئۆزىدىن ۋە بۈگۈندىن باشلىشى، تەخىرسىزلىك پوزىتسىيەسى بىلەن دەرھال تۇتۇش قىلىشى لازىم.

بىر كىشى لوقمان ھەكىمدىن:

ـ نەسىھەتلىرىڭىزنىڭ كۆپى ياشلارغىلا ئائىت بولىدۇ، چوڭلارغا كەمرەك. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىكەن. لوقمان ھەكىم جاۋابەن:

ـ باغۋەن يەرنى يۇمشىتىپ، بىر دەرەخ كۆچىتى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خەس ـ خەشەك ۋە زىيانلىق ئوت ـ چۆپلەردىن تازىلاپ، سۇغىرىپ تۇرسا، ئومۇمەن ياخشى پەرۋىش قىلسا، تېز ئۆسۈپ ۋاقتىدا ۋايىغا يېتىدۇ، ئۇنۇمى ھوسۇللۇق بولىدۇ. بالىنىمۇ كىچىكىدىن ياخشى تەربىيەلىسە، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك قىلىپ ئۆستۈرسە، ئۇ بالا ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئەزاسى بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياشلار تەربىيەسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. ۋەز ـ نەسىھەتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ياشلارغا ئائىت بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش ھەرگىزمۇ ياخشى كۆرۈش ياكى ھەدىيە قاتارىدا ئاتا قىلىدىغان نەرسە بولماستىن بەلكى ئۇ ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغان بىر ھەقتۇر.

بىز كۆپ ھاللاردا بىلىش دائىرىمىزنىڭ تارلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، رىقابەت ئېڭىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، ”ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا“ دەپ قارايدىغانلىقىمىز تۈپەيلى تەلىم-تەربىيەدىن ئىبارەت كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ مەنىۋى كۆرەشكە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كېتەلمىدۇق. بۇ كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز بىلەن جىددىي تۇتۇش قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر.

شۇنداق ئاتا-ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار بالىنى تېپىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۆزى تەربىيەلىمىگەننى ئاز دەپ، بالىلىرىنى تەربىيەلىنىش ئورنى بولغان مەكتەپتە تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلماي، جەمئىيەتتە قورساق تويغۇزالىغۇدەك ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىدۇ. ھايۋانلارمۇ بالا تاپىدۇ. بالىسىنى پەرۋىش قىلىپ قاتارغا قوشۇشنى بىلىدۇ. بىراق بۈگۈنكى ئۇچۇر، رىقابەت دۇنياسىدا ھەرقانداق ئادەم پەقەت كەسكىن ئەقىل رىقابىتى بىلەنلا ياشاش يولىنى، ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى تاپالايدىغان بولغاچقا، ئىنساننى ئەقلىي كامالەتكە ئىگە قىلىدىغان تەربىيەدىن مەھرۇم بولغان بالىلارنىڭ كېلەچىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق. بۇ ھەربىر ئاتا-ئانا چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

ئىنسانلار سۈپىتىنىڭ مۇكەممەل بولۇش بولماسلىقى تەلىم-تەربىيە ماھارىتىگە باغلىق. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆتكەنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە قارىغاندا، بۈگۈنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەر، بۈگۈنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە قارىغاندا ئەتىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ساپاسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ھازىرقىدەك پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش، بارلىقنى مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان پەرزەنتلەرگە بېغىشلاش شوئارلىرى ھەممە جايدا ياڭراۋاتقان مۇشۇ دەۋردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ خىل ياخشى ئادەت، يىراقنى كۆرەر، ئېسىل كۆزقاراش بىزنىڭ ئارىمىزدا كەمدىنكەم تېپىلىدۇ.

بالىنى تۇغۇپ قويۇپ ئۇنى قانداق تەربىيەلەشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىمىز، ھەتتا بىزدە شۇ بالىنى قانداق تەربىيەلەش توغرىسىدا پىلانمۇ يوق. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى ئاتا-ئانىلاردا ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىگىدەك بىلىم، ئىقتىدار، سەۋىيە كەمچىل. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ گۆدەكلەرچە تەپەككۇر قىلىپ كاللىسىدا تۇغۇلغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي گاڭگىراپ قالىمىز-دە، خىجىلچىلىق ئىچىدە خۇراپىي گەپلەر بىلەنلا بالىمىزنى گوللاپ قويىمىز. ئاقىۋەتتە پەرزەنتلىرىمىز ئەنە ئاشۇنداق ئاساسى يوق، خۇراپىي ئىدىيەلەر قايىنىمىدا چوڭ بولىدۇ-دە، توغرا يولنى تونيالماي يولدىن چىقىپ ھەر خىل يامان ئىشلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىز، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

دېمەك، دىيارىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار يۇقىرىقى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تونۇپ، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشكە كۈچ چىقىرىشىمىز، ئۆز ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا ئۈلگە بولۇپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ نۇرلۇق ئۈمىدلىرى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنى يارامل ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىمىزدە كېرەكلىك بىلىم ھازىرلاپ، پەرزەنتلىرىمىزنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك، سەۋىيەلىك، يارامل قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. شۇندىلا تەرەققىياتنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئورتاق يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى ھەمدە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ئىنساب، تەۋپىق ئاتا قىلسۇن، پەرزەنتلىرىمىزگە ھەم مەنپەئەتلىك ئىلىم، تەۋپىق ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر)

www.uyghurkitap.com

ئاپىرىدە قىلىپ قويۇشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. پەرزەنتنى بېقىپ، ياخشى تەربىيەلەپ ياراملىق ئادەم قىلىپ چىقىش ھەربىر ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئاتا ـ ئانا بولغۇچى پەرزەنتنى قانداق تەربىيەلەشنى بىلىشى ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش يولىدا ھارماي ئىزدىنىشى، جاپاغا چىداپ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشى، جۈملىدىن بالىنى ياخشى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر.

بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كۆرىدىغىنى ئۆي ۋە ئائىلىدۇر. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ كۆزىگە چېلىققان ھەرقانداق نەرسە بالىنىڭ زېھنىگە مەھكەم ئورناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ زېھنىدە قالغان نەرسىلەرگە قارىتا شەكىللىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەرقانداق نەرسە بالىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل بولىدۇ.

ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: ”بالا ئاتا ـ ئانىغا ئامانەتتۇر. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچكىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ گۆھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان ياكى تەسىر قىلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. دىققىتىنى تارتقان ھەرقانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. نېمىگە ئۆگىتىلسە شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولىدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە ياخشىلىق ئۈستىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيەلىگۈچىسى، ئىلىم ئۆگەتكۈچىلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا ئۇ يامانلىق ئۈستىگە كۆندۈرۈلسە ياكى ئۇنىڭغا ھايۋانلار بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىپ چوڭ بولسا، ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە سەل قاراپ ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىلسە، نەتىجىدە ئۇ يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ تەربىيەلىنىشىگە مەسئۇل بولغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش، ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەش ۋە ئادەتلەندۈرۈش، پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش ھەم بۇنىڭدا ئىزچىل بولۇش كېرەك.

ئىمام غەززالى ئۆزىنىڭ «ئى ئوغۇل!» دېگەن رىسالىسىدە: ”بالا تەربىيەلەش خۇددى دېھقانىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن باغۋەن زىرائەت ئارىسىدا ئۈنگەن ياۋا ئوت ۋە تىكەنلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىشى كېرەك“ دېگەن.

بىلىش كېرەككى، كۆچەتنى يوغىنىغاندا ئېگىمەن دېسە سۇنۇپ كېتىدۇ. دېھقانچىلىقتىمۇ ئۇرۇقنى، تۇپراقنى ياخشى تالлاش، مايسا ۋاقتىدىكى پەرۋىشنى ياخشى قىلىشتەك پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغاندىلا مول ـ ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. دېمەك، جانلىقلار ھاۋاغا موھتاج بولغاندەك بالىلارمۇ ئىلىم ـ تەربىيەگە شۇنچىلىك موھتاج. شۇڭلاشقا پۈتكۈل جەمئىيەت، مائارىپ ۋە ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بىلەن بالىلارنى تەربىيەلىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلىشى، بۇ مەسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، بارلىق دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىشى، بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم ئۆزىدىن ۋە بۈگۈندىن باشلىشى، تەخىرسىزلىك پوزىتسىيەسى بىلەن دەرھال تۇتۇش قىلىشى لازىم.

بىر كىشى لوقمان ھەكىمدىن:

ـ نەسىھەتلىرىڭىزنىڭ كۆپى ياشلارغىلا ئائىت بولىدۇ، چوڭلارغا كەمرەك. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىكەن. لوقمان ھەكىم جاۋابەن:

ـ باغۋەن يەرنى يۇمشىتىپ، بىر دەرەخ كۆچىتى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خەس ـ خەشەك ۋە زىيانلىق ئوت ـ چۆپلەردىن تازىلاپ، سۇغىرىپ تۇرسا، ئومۇمەن ياخشى پەرۋىش قىلسا، تېز ئۆسۈپ ۋاقتىدا ۋايىغا يېتىدۇ، ئۇنۇمى ھوسۇللۇق بولىدۇ. بالىنىمۇ كىچىكىدىن ياخشى تەربىيەلىسە، گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك قىلىپ ئۆستۈرسە، ئۇ بالا ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئەزاسى بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياشلار تەربىيەسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. ۋەز ـ نەسىھەتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ياشلارغا ئائىت بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش ھەرگىزمۇ ياخشى كۆرۈش ياكى ھەدىيە قاتارىدا ئاتا قىلىدىغان نەرسە بولماستىن بەلكى ئۇ ھەربىر ئاتا ـ ئانا ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدىغان بىر ھەقتۇر.

بىز كۆپ ھاللاردا بىلىش دائىرىمىزنىڭ تارلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، رىقابەت ئېڭىمىزنىڭ ئاجىزلىقى، "ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا" دەپ قارايدىغانلىقىمىز تۈپەيلى تەلىم-تەربىيەدىن ئىبارەت كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ مەنىۋى كۈرەشكە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كېتەلمىدۇق. بۇ كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز بىلەن جىددىي تۇتۇش قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر.

شۇنداق ئاتا-ئانىلارمۇ باركى، ئۇلار بالىنى تېپىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۆزى تەربىيەلىمىگەننى ئاز دەپ، بالىلىرىنى تەربىيەلىنىش ئورنى بولغان مەكتەپتە تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلماي، جەمئىيەتتە قورساق تويغۇزالىغۇدەك ئاددىي تۇرمۇش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىدۇ. ھايۋانلارمۇ بالا تاپىدۇ. بالىسىنى پەرۋىش قىلىپ قاتارغا قوشۇشنى بىلىدۇ. بىراق بۈگۈنكى ئۇچۇر، رىقابەت دۇنياسىدا ھەرقانداق ئادەم پەقەت كەسكىن ئەقىل رىقابىتى بىلەنلا ياشاش يولىنى، ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى تاپالايدىغان بولغاچقا، ئىنساننى ئەقلىي كامالەتكە ئىگە قىلىدىغان تەربىيەدىن مەھرۇم بولغان بالىلارنىڭ كېلەچىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق. بۇ ھەربىر ئاتا-ئانا چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

ئىنسانلار سۈپىتىنىڭ مۇكەممەل بولۇش بولماسلىقى تەلىم-تەربىيە ماھارىتىگە باغلىق. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆتكەنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە قارىغاندا، بۈگۈنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەر، بۈگۈنكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە قارىغاندا ئەتىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ساپاسى مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ھازىرقىدەك پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش، بارلىقىنى مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان پەرزەنتلەرگە بېغىشلاش شوئارلىرى ھەممە جايدا ياڭراۋاتقان مۇشۇ دەۋردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق بۇ خىل ياخشى ئادەت، يىراقنى كۆرەر، ئېسىل كۆزقاراش بىزنىڭ ئارىمىزدا كەمدىنكەم تېپىلىدۇ.

بالىنى تۇغۇپ قويۇپ ئۇنى قانداق تەربىيەلەشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىمىز، ھەتتا بىزدە شۇ بالىنى قانداق تەربىيەلەش توغرىسىدا پىلانمۇ يوق. كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بەزى ئاتا-ئانىلاردا ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىگىدەك بىلىم، ئىقتىدار، سەۋىيە كەمچىل. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ گۆدەكلەرچە تەپەككۇر قىلىپ كاللىسىدا تۇغۇلغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي گاڭگىراپ قالىمىز-دە، خىجىلچىلىق ئىچىدە خۇراپىي گەپلەر بىلەنلا بالىمىزنى گوللاپ قويىمىز. ئاقىۋەتتە پەرزەنتلىرىمىز ئەنە ئاشۇنداق ئاساسى يوق، خۇراپىي ئىدىيەلەر قايىنىمىدا چوڭ بولىدۇ-دە، توغرا يولنى تونىيالماي يولدىن چىقىپ ھەر خىل يامان ئىشلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىز، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

دېمەك، دىيارىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار يۇقىرىقى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تونۇپ، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشكە كۈچ چىقىرىشىمىز، ئۆز ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا ئۈلگە بولۇپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ نۇرلۇق ئۈمىدلىرى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىمىزدە كېرەكلىك بىلىم ھازىرلاپ، پەرزەنتلىرىمىزنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك، سەۋىيەلىك، يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. شۇندىلا تەرەققىياتنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئورتاق يۈكسىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى ھەمدە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ئىنساب، تەۋپىق ئاتا قىلسۇن، پەرزەنتلىرىمىزگە ھەم مەنپەئەتلىك ئىلىم، تەۋپىق ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر)



# ناماز ۋە جامائەت نامىزى ھەققىدە

ئامانۇللا ھىزبۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ناماز ئىسلامدىكى بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ’’دۇئا قىلىش‘‘ دېمەكتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ نامازدا بىر تۈركۈم دۇئالار، بەلگىلىك ھەرىكەتلەر جەريانىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق زىكرى قىلىدۇكى، بەندە سەجدە ھالىتىدە تۇرغاندا پەرۋەردىگارىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ، قۇرئان كەرىمدە **’’(ئاللاھقا) سەجدە قىلغىن(شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن‘‘**{سۈرە«ئەلەق»(**96** ـ سۈرە)، **19** ـ ئايەت}؛ **’’(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى(تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن(يەنى ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئىبادەتتىن) ئۇلۇغدۇر‘‘**{سۈرە«ئەنكەبۇت»(**29** ـ سۈرە)، **45** ـ ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇپ، سەممىي ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز — ناماز ئوقۇغۇچىنى چوڭ ـ كىچىك گۇناھ ـ مەئسىيەت(جىنايەت)لەردىن توسىدۇ، بەندە ناماز ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىلەن سىردىشىپ چىقىپلا باشقا ناچار ئىشلارنى، ناچار قىلىقلارنى، ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىش تەسەۋۋۇردىن يىراق تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم يەنە نامازنى سۈپەتلەپ، نامازنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى سەۋرچانلىق بىلەن يېڭىپ چىقىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. **’’ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار‘‘**{سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **153** ـ ئايەت}.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ناماز مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ، كۈندىلىك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تۈرتكە بولىدۇ، روھىي جەھەتتىن پۇرسەت يارىتىپ ئارامبەخشلىك ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەززىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

ئەمەل ۋە ئىبادەت

**”بىلال بىزنى راھەتلەندۈرگىن!“** دەيتتى(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). نامازنىڭ ئاساسلىق شەرتى تاھارەت ياكى غۇسلى بىلەن بەدەننى، روھنى تازىلاشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا ناماز يەنە دۇئا، ئىستىغپار، قەلب، ئەقىل، بەدەننىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ناماز بىز ئېيتقان ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى كۈندە بەش قېتىم ئارقا - ئارقىدىن ئېغىز ۋە ھەرىكىتىمىز بىلەن تەكرارلاش ۋە ئۇلارنى زېھنىمىزدە يېڭىدىن ياشارتىشتىن ئىبارەت. كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ئىماننىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بىزنى پەزىلەتلىك بىر ھاياتقا ئىگە قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەتچان بىر بەندە قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. سەممىي، ئىرادىلىك، پاكىز قەلبلىك ۋە روھىي جەھەتتىن يېتىشكەن ئېسىل ئەخلاققا ئىگە قىلىپ، ئىمانىمىزنى ھەر دائىم يېڭىلاپ، ياشارتىپ تۇرىدۇ. ناماز ئىنساننىڭ ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىنى كۈندە ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم ئەسلىتىدۇ، ئاخىرەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى، يەنى بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن قىيامەت كۈنى بولغاندا ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى ھېچ ئەستىن چىقارماسلىقنى تەكىتلەيدۇ. ناماز بىلەن مۇسۇلمان كۈندە بەش قېتىم ئىمانىنى يېڭىلاپ، بەش قېتىم ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىپ، سىردىشىدۇ. يەنە شۇ ناماز بىلەن مۇسۇلمان كۈندە بەش قېتىم پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن بولىدۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى ۋە پەرز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

ناماز يەنە مۇسۇلمان بەندىنىڭ دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىپ گۇناھىغا كەچۈرۈم تىلەش، ياكى ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتكە شۈكرى قىلىش(خۇرسەنلىك بىلدۈرۈش) ياكى ئىبادەت پەرزىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ناماز مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆز ھاجىتىنى ئىزھار قىلىشتىن، ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ھەمدۇسانا ئېيتىپ ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت.

مۇئمىن مۇسۇلمان ناماز داۋامىدا كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى مېھرىبان ئىگىسىدىن تىلەيدۇ. پىكىر - ھېسسىياتلىرى ئارام ئالىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ئەقىدىسىنى پەيدا قىلىدۇ. نامازنىڭ پەرزلىكىنى قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىپ كەلدى. ئاللاھ تائالانىڭ: **”خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى(پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى“**{سۈرە«نىسا»(**4** - سۈرە)، **103** - ئايەت} دېگەن ئايىتى مەزكۇر ئايەتلەردىندۇر.

ناماز يەنە ناماز ئوقۇغۇچىنى ناچار، قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن توسىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا قول باغلاپ تۇرۇشنىڭ ھەيۋىتىنى بىلگەندە، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانى مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسان ئۆز نەپسىنى كۆڭلى تارتقان يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ياندۇرىدىغان، جىنايەت ۋە ناچارلىقلاردىن يۈز ئۆرۈيدىغان بولىدۇ. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئىشارەت قىلىپ ئاللاھ تائالا: **”نامازنى(تەئدىل ئەركان بىلەن)ئوقۇغىن،ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ“** دەيدۇ{سۈرە«ئەنكەبۇت»(**29** - سۈرە)، **45** - ئايەت}. نامازدا باشتىن - ئاخىر ئاللاھ تائالانى ئېسىدە تۇتۇش، ئاللاھتىن ھەقىقىي ئەيمىنىپ ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. نامازنىڭ تەئدىل - ئەركان، خۇشۇ - خۇزۇ(نامازدىكى قورقۇش ۋە ئەيمىنىش، راھەت)نى ھېس قىلمىغاندا نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا نامازنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىگەن، نامازنىڭ شەكلىي كۆرۈنۈشىنىلا بېجىرگەن كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **”شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ“**{سۈرە«مائۇن»(**107** - سۈرە)، **4** - ، **5** - ئايەت}.

نامازخان ئاللاھ بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى ئەسلەپ شۇ ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ يەنە كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مېھنەت قىلىپ تاپقان بىر بۆلەك ئىقتىسادىنى خەجلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **”ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى، ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، كېسەللىك ياكى قورقۇنچتەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر، بىرەر**

**ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر، پەقەت(تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر**"{سۈرە«مائارىج»(70 ـ سۈرە)، **19 — 23** ـ ئايەتلەر} . ناماز يەنە ئىنسانغا يەتكەن مۇسىبەتنى يېنىكلىتىدۇ، سەۋر قىلىشنى، روھنى تەسكىن تاپقۇزۇشنى، رەببى بولغان ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئاسانلىق بېرىشنى ئۆگىتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ مۇسىبەتنى يېنىكلەشتۈرۈشتىكى تەسىرىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە يۈزلەنگەن ھادىسىلەرگە چىداشلىق بېرىش بىلەن ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن ياردەم تىلەڭلار**" {سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **153** ـ ئايەت} . بۇ ئايەتنى تەپسىرشۇناس ئالىملار: "ئى مۇئمىنلەر! سىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلىرىگە چىدامliq بولۇش بىلەن، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىش بىلەن پۈتۈن غەملەر يەڭگىللەپ قالىدىغان ناماز بىلەن ياردەم تىلەڭلار، دېگەنلىك" دەپ قاراشقان، بۇ ھەم نامازنىڭ پايدىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى: "**(شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكىدىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر**"{سۈرە «مۇئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، **2** ـ ئايەت} .

"نامازدا ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلار" دېمەك، ئاللاھ تائالاغا باش ئەگكۈچى ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تۇرغۇچى دېمەكتۇر. ئىمام پەخرۇددىن رازى: نامازدىكى ئەيمىنىپ تۇرۇشقا ئىزاھات بېرىپ "پۈتۈن ھىممەتنى نامازغا جۇغلاش ۋە نامازدىن باشقىنى ئويلاشتىن ۋاز كېچىش"، "نامازدا ئەيمىنىپ تۇرۇش" بولىدۇ، دېگەن. نامازدا ئەيمىنىپ تۇرۇش زېھنىنى بىر ئىشقا يېغىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ۋاستە بولۇپ، بۇ قابىلىيەتنىڭ دۇنيالىقتىمۇ ئىنساننىڭ قىلغان ئىشىدا نەتىجە قازىنىشىغا چوڭ تەسىرى ۋە پايدىسى بار. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇ ئىشنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، زېھنىنى قويۇپ قىلسا، ئۇ ئەلۋەتتە شۇ ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. قولىنىڭ ئۇچىدا، ئۆزى باشقا جايدا، خىيالى باشقا جايدا بولسا، بولسا بولار، بولمىسا

بىرگەپ بولار دەپ مۇنداقلا قىلىپ قويغان ئىشلاردا تاسادىپىي تەلەي كەپ قالمىسا، چوقۇمكى مەغلۇپ بولىدۇ. تارىختا ئىسمى پۈتۈلگەن، ئىسىملىرىنى بىز پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدىغان بايلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئالىم ئىدى. ئۇلار ئىبادەت بىلەن تىجارەتنى، ئىلىم بىلەن بايلىقنى تەڭ تۇتۇپ ماڭالىغان ۋە ئۇلارنىڭ پەرقىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىلگەن پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىمام ئەزەم رەھمەھۇللاھۇ ئەلەيھىلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. بۇلار ئىبادەتتە ناھايىتى تىرىشچان، ياخشىلىقلاردا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى.

ناماز بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان نامازنى قورقۇش ۋە ئۈمىد تۇيغۇسى ئاساسىدا ئوقۇشى، پۈتۈن ئوي ـ خىيالىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، سىردىشىۋاتىمەن دېگەن ئېتىقادتا ئادا قىلىشى لازىم.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى نامازنى ھەقىقەتەن ئادا قىلىشقا تىگىشلىك پەرز دەپ بىلىدىكەن جەننەتكە كىرىدۇ**" (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان) . ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "رەسۇلۇللاھ بىرەر ئىش تۈپەيلى بىئارام بولسا ناماز ئوقۇيتتى"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان) .

رەبىئە ئىبنى كەئب ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن بىرگە قونغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھقا تاھارەت سۈيى ھازىرلاپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ ماڭا: "نېمە تەلىپىڭ بار؟ سورىغىن!" دېگەن ئىدى. مەن: "سەن بىلەن جەننەتتە بىرگە بولسام دەيمەن" دېدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: "يەنە باشقا نېمە تەلىپىڭ بار؟ سورىغىن!" دېگەن ئىدى. مەن:

"شۇندىن باشقا تەلىپىم يوق" دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: **"ئۇنداقتا، سەن مەن بىلەن جەننەتتە بىرگە بولۇش ئۈچۈن سەجدىنى كۆپ قىلغىن (يەنى نامازنى مۇھىم بىلگىن)"** دېدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## جامائەت نامىزى

ئىسلامدىكى يولغا قويۇلغان نامازلار ئىچىدە پەرز نامازدىن قالسىلا، پەزىلەت ۋە ئەجىر جەھەتتە ئەڭ ئەۋزەل بولغىنى جامائەتلىك نامازدۇر. بۇ جامائەتلىك ناماز پەرز نامازلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پەرز ناماز جامائەتنى ھاسىل قىلىش، يەنى شۇ پەرز نامازنى جامائەت بولۇپ، توپلىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ئىنسان كۆپ ساۋابقا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا پەرز نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇشقا قارىغاندا 27 دەرىجە ئارتۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ **"جامائەتلىك ناماز، ئۆزى يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 دەرىجە ئۈستۈندۇر"** دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىسلام شەرىئىتىدە يولغا قويۇلغان ئىشلاردا (مەيلى ئۇ قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش بولسۇن ياكى قىلىشتىن توسقان، چەكلىگەن ئىشلار بولسۇن) ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاجايىپ ھېكمەت ۋە رەھمەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. جامائەت نامىزىدىمۇ شۇنداق ھېكمەتلەر بار.

جامائەت نامىزى بىلەن قەلبلەر پاكلىنىدۇ. جامائەت نامىزى قەلبلەرنى جەم قىلىپ، نەپسنى شۇ بۈيۈك ئىبادەت بىلەن پاكلايدۇ. ئۇ يەنە ئىنسان تەبىئەتلىرىنى پاكلايدۇ، ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، جامائەتلىك نامازدا نام ـ ئابرۇي، ئەمەل ـ مەنسەپ، مەرتىۋە سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، كەمبەغەل باي بىلەن، كىچىك چوڭ بىلەن، قارا تەنلىك ئاق تەنلىك بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ياراتقۇچىسى بولغان بىر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ. قەدەملەر سەپلەردە باراۋەر بولغاندەك، باشلارمۇ رۇكۇ، سەجدىلەردە باراۋەر ھالەتتە بولىدۇ. ھەممە ئادەم ھايات (تۇرمۇش) كۆرۈنۈشلىرىدىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئۇنتۇيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى پەزىلەتنىڭ ئىبادەتتە ئاللاھقا بولغان ئىخلاس بىلەن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. جامائەتلىك نامازدا ئىنسان ئۆز نىشانىنى يالغۇز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە قارىتىدۇ. ئۆزئارا ياخشىلىققا، تەقۋالىققا ياردەملىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسىدىن قۇتۇلۇپ، ئومۇمنى ئويلايدىغان ئاڭ شەكىللىنىدۇ. كىشىلەر جامائەت نامىزى ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى تونۇپ، تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى، كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرىدا بىر ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بولغان بىر كۆرۈنۈشتۇر ھەم زور ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئىنسان ناماز بىلەن ئاللاھقا باغلانسا، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن، ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. جامائەتلىك ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكىتلىگەن، تەلەپ قىلغان سۈننەتتۇر. يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مۇنداق مۇھىم نۇقتىلارنى چۈشىنەلەيمىز.

(1) جامائەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنىڭ كاتتىلىقى؛

(2) نامازغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى مۇكەممەل ئادا قىلىشنىڭ كاتتىلىقى، نامازنىڭ دىنىنىڭ ئاساسى، تۈۋرۈكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى؛

(3) مەسچىتكە كېلىشكە قىزىقتۇرۇش ۋە ئۇنى ئىبادەت، ناماز بىلەن ئاۋات قىلىشنىڭ پەزىلىتى؛

(4) مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىدا بىرلىشىشكە، ياخشىلىق، تەقۋالىقتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا قىزىقتۇرۇش.

ئومۇمەن، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشقا بۇيرۇغان، قىزىقتۇرغان، تەكىتلىگەن ھەدىسلىرىنى ھەدىس كىتابلاردىن تولىمۇ كۆپ تاپالايمىز. لېكىن بىز سەھىپە ئېتىبارى بىلەن پەقەت بىر قانچە ھەدىسلەرنىلا كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ: **"مەيلى شەھەر ياكى يېزا بولسۇن، ئۈچ ئادەم بار يەردە جامائەت نامىزى ئادا قىلىنمايدىكەن شەيتان چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن ئايرىلما، چۈنكى توپتىن ئايرىلىپ قالغان يالغۇز قوينى بۆرە يەيدۇ"**(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

يەنە بىر ھەدىستە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **"كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، كېچىنىڭ يېرىمىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاب ئالىدۇ. كىمكى بامداتنى جامائەت بىلەن ئادا قىلسا، كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇغاندەك ساۋاب ئالىدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: **"كىشىنىڭ بىر ئادەم بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ ساۋابى، يالغۇز ئوقۇغانىنىڭكىدىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئىككى ئادەم بىلەن ئوقۇغان نامىزىنىڭ پەزىلىتى، بىر ئادەم بىلەن ئوقۇغانىنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر. ناماز قانچىكى كۆپ كىشى بىلەن ئادا قىلىنسا، ئاللاھ تائالاغا شۇنچە سۆيۈملۈك بولىدۇ"**(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس بىزگە جامائەتلىك نامازنىڭ پەزىلىتى، جامائەتلىك نامازدىكى سەپلەرنىڭ پەزىلىتىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئاللاھقا ئورتاق سەجدە قىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان ئىبادەتگاھىدۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلار مەسچىتنى ۋە يەنە جامائەتنى لازىم تۇتۇشى، قولدىن بەرمەسلىكى لازىم. تۆۋەندە بىز ساھابىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھىنلارنىڭ جامائەت ھەققىدىكى(يەنى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش توغرىسىدىكى)



بايانلىرىغا قاراپ باقايلى: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، 20 يىل بولدى. مۇئەززىن 'نامازغا كېلىڭلار' دەپ ئەزان ئېيتىشىغىلا مەسچىتكە كېلىپ بولىمەن. مەن بىرمۇ ئادەمنىڭ جامائەت نامىزىدىن قېلىپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىم".

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دېگەن: "ئۇزۇن يىللار بولدى ئىككى قېتىملىق نامازدىن باشقا ھەممە نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇدۇم. شۇ ئىككى قېتىملىق ناماز ماڭا خۇددى مەن ناماز ئوقۇمىغاندەك تۇيۇلۇپ تۇرىدۇ!"

سەلەپ سالىھىنلەردىن بىرەيلەن مۇنداق دېگەن: "مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە جامائەت نامىزى، جامائەت نامىزى ئارقىلىق سەۋەنلىكلىرىم مەندىن كۆتۈرۈلىدۇ، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى خاتىرىلىنىدۇ".

مۇسۇلمان قېرىنداشلار: ئالەملەرنى، ئىنسان ۋە جىندىن ئىبارەت بارلىق مەخلۇقلارنى ياراتقان بۈيۈك رەببىمىز ئاللاھ بىزگە پەرز قىلغان بۇ ناماز تەڭلىك(باراۋەرلىك)نىڭ سىمۋولىدۇر. چۈنكى نامازدىلا باي بولسۇن، پېقىر بولسۇن، ئەمەلدار بولسۇن ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن، ئوقۇمۇشلۇق ئالىم ياكى ساۋاتسىز كىشى بولسۇن، ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، ھەممىسى بىر سەپتە بىر-بىرلىرىگە ياندىشىپ سەپ تۈزۈپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قول باغلىشىپ ئېھتىرامدا تۇرىدۇ، بىرلىكتە ئېگىلىدۇ ۋە باشلىرىنى يەرگە قويۇپ بىر ئاللاھقا تەڭ سەجدە قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە بېكىتىپ بەرگەن ھىدايەت يوللىرى جۈملىسىدىن بولغان نامازنى كامىل ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىشقا تىرىشايلى. جامائەتنى لازىم تۇتايلى. كاتتا ئەرشنىڭ رەببى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى نامازغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، جامائەتنى لازىم تۇتىدىغان، نېمەت بەرگەندە شۈكرى قىلىدىغان، سىنىغاندا سەۋرى قىلىدىغان، بىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بەندىلىرىدىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

# مەسچىتكە كىلىشنىڭ ئەدەپلىرى

**مەسچىتكە كەلگەن كىشى :**

1. كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيىگە ”ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكىڭنى ئاچقىن“( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ) دەپ دۇئا قىلىش بىلەن كىرىش لازىم.

2. مەسچىتكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش، چىققاندا سول پۇتى بىلەن چىقىش كېرەك.

3. مەسچىتكە كىرگەن ھامان ئولتۇرماستىن ئىككى رەكئەت( تەھىييەتۇل مەسچىت ) نامىزى ئوقۇش كېرەك.

4. ساۋابىنىڭ كۆپرەك بولۇشى ئۈچۈن مەسچىتكە سالماق قەدەم بىلەن بېرىش كېرەك. چۈنكى مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن ئالغان ھەربىر قەدەمگە ئايرىم ساۋاب يېزىلىدۇ.

5. نامازغا ماڭغاندا، بارماقلىرىنى كىرىشتۈرمەسلىك، ساقاللىرىنى ئوينىماسلىق، قالايمىقان ئۇياق ـ بۇياققا قارىماسلىق لازىم.

6. جامائەت نامىزى باشلانغۇچىلىك قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى ئەسلەش بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك.

7. مەسچىتتە دۇنيا گېپى، سودا ـ سېتىق گېپى دېگەندەك بىھۇدە سۆزلىرىنى، ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك.

8. ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك گۇناھلار ئۈچۈن تەۋبە قىلىش لازىم.

9. نامازغا تۇرغاندا سەپنى تۈزەش، بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش، بولۇپمۇ سەپنى تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

10. نامازغا چىرايلىق كىينىپ بېرىش، ئىسلام دىنى گۈزەللىك ۋە پاكىزلىق دىنى بولغانلىقتىن، ئۇ كىشىلەرنى ھەمىشە مەدەنىيەتلىك ۋە پاكىز بولۇشقا چاقىرىدۇ. خۇسۇسەن، مەسچىتكە بارغاندا كىيملەرنى تۈزەپ، ئالاھىدە يارىشىملىق كىيملىرىنى كىيىپ بېرىش ساۋابتۇر.

11. ئەتىر، ئەنبەرلەرنى سېپىپ بېرىش، بۇ ئارقىلىق بەدەندىكى تەر ۋە باشقا غەيرى پۇراقنى يوقىتىش كېرەك. ئولتۇرغاندا ئادەمنى قىستاپ قويماستىن مۇۋاپىق ئورۇندا ئولتۇرۇش كېرەك.

12. مەسچىتتىن چىقىشتا ”ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، خاتالىقلىرىمنى كەچۈرگىن، شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغىن“( ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ) دەپ چىقىش كېرەك.

ئاللاھ ھەممەيلەننى ھەمىشە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ياخشىلىق ئۈستىدە ياشاشقا نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

(تەييارلىغۇچى : ئامانۇللا ھېزبۇللا)

## رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ”11-نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى دىنىي داھىيلار يىغىنى“غا قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى مىنىستىرى مۇھەممەد گۆرمەزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشىلىك ئۆمەك 2015 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن ”11 ـ نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى دىنىي داھىيلار يىغىنى“غا قاتناشتى. 37 دۆلەتتىن كەلگەن 125 نەپەر دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، مۇسۇلمانلار داھىيسى، ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىملىق يىغىننى تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ”ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئەللىرى مۇسۇلمانلىرىنى تونۇش، ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش چارىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونلىرىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن جەمئىيەتنىڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش، دىنىي مائارىپ ھەمدە مۇلازىمەت جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق يولىنى ئىزدەش“ تېمىسى ئاساس قىلىندى. تۈركىيە زۇڭتۇڭى رەجەپ تايىپ ئەردۇغان يېپىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى، تۈركىيەنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قۇرتۇلمۇش ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى ھەمدە مۇھاكىمە يىغىنىدا ”ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىكى مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات تەجرىبىلىرى“ تېمىسىدا مەخسۇس نۇتۇق سۆزلەپ، يىغىن ئەھلىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن بىلەن بىرگە بۇ يىغىنغا نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھەسەن ياڭ فامىڭ، شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەيسا جىن خۇڭۋېي، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇللا جىن رۇبىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد خەۋىرى)



# ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

**ھۈسەيىن مويىدىن**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئاتا قىلغان كاتتا رەھمىتى بولۇپ، باشقا دىنلاردىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگىچە خاس بۇ ئالاھىدىلىكلىرى چوڭ جەھەتتىن ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1**. ئاللاھقا مەنسۇپلۇقى. ئىسلام دىنى قانداقتۇر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان ياكى مەلۇم بىر شەخس تۈزۈپ چىققان دىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ مەنبەسى ئاللاھ تائالادۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپلۇقى ئىككى تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ.

**1**) مەنبە جەھەتتىن:

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى زالالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەت نۇرىغا باشلاش، بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيادا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى تاللىدى. ھەمدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىشتا بولسۇن، ئىسلام دىنىنى بەلگىلەشتە بولسۇن ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان بەلگىلىمە ۋە كۆرسەتمىلەرنى بايان قىلىپ بەردى.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ قۇرئانىدا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى(يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق**“{سۈرە«نىسا» (**4** ـ سۈرە)، **174** ـ ئايەت}. دېمەك، ئىسلام دىنى مەلۇم بىر شەخس ياكى ئائىلە ياكى بىر تەبىقە ياكى بىر خەلقنىڭ ئىرادىسى بىلەن كەلمەستىن، بەلكى يەككە ـ يېگانە بولغان بۈيۈك ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن كەلدى.

**2**) غايە ۋە نىشان جەھەتتىن:

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاللاھ بىلەن ياخشى ئالاقە باغلىتىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا

ئىسلام بىلىم گۈلزارى

ئېرىشتۈرۈشنى ئەڭ بۈيۈك غايە قىلىدۇ. بۇ ھەم ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيا ھاياتىدا تىرىشىش ۋە جاپا تارتىش ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان غايىسىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ‟**ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر(ئۆز ئىشىڭدا) سەئىي ئىجتىھات قىلىسەن(يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)**‟{سۈرە«ئىنشىقاق»(**84** ـ سۈرە)، **6** ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‟**ھەممىنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر**‟{سۈرە«نەجم»(**53** ـ سۈرە)، **42** ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنىدىكى ھەربىر شەرئى ھۆكۈم، كۆرسەتمە، يول ـ يورۇقتىن مەقسەت ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پەقەتلا ئاللاھقا خالىس بەندە بولۇشى ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا تەۋھىد ئىسلام دىنىنىڭ روھى ۋە جەۋھىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇ ھەقىقەت بىلەن خىتاب قىلدى ھەمدە بۇ مەقسەتنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‟(**ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا، يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى، ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا(يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن، (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭ باشقا پەرۋەردىگار ئىزدەمدىمەن؟**‟{سۈرە«ئەنئام»(**6** ـ سۈرە)، **161**—**163** ـ ئايەتلەر}. ئىسلام دىنىدا ئىبادەت ئىشلىرىغا ئالاقىدار ۋە مۇئامىلىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت كىشىلىك ھاياتنى تەرتىپكە سېلىش، ئازغىنە مەنپەئەت ئۈچۈن نەپسىنى خار قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىگە يۈزلەندۇرۇشتۇر.

ئىسلام دىنىدا زېمىننىڭ ھەر تەرەپلىرىدە مېڭىشقا، ئۇ زېمىندىكى پاكىز نەرسىلەرنى يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈش بار، لېكىن ئۇنىڭدىن مەقسەت ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىش ۋە ھەققىنى ئادا قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‟**پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) ياخشى جايدۇر، سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر**‟{سۈرە«سەبەئ»(**34** ـ سۈرە)، **15** ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان ۋە جىننى يارىتىشتىن ئەڭ چوڭ نىشانى ئاللاھ تائالاغا ئومۇمىي دائىرىدە ئىبادەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‟**مەن جىنلارنى ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇللۇق قىلسۇن دەپلا ياراتتىم، مەن ئۇلاردىن رىزىق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، بۈيۈك كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسىدۇر**‟{سۈرە«زارىيات»(**51** ـ سۈرە)، **56**—**58** ـ ئايەتلەر}.

دېمەك، ئىسلام دىنى مەنبە جەھەتتىن بولسۇن، پىروگرامما بەلگىلەش جەھەتتىن بولسۇن، غايە ـ نىشان جەھەتتىن بولسۇن، پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ بولۇپ، بىرەر ئىنسان ياكى باشقا مەخلۇقنىڭ زىيادە بىر نەرسىنى قېتىشتىن ياكى كەملىتىۋېتىشتىن خالىدۇر.

2. ئىنساننى مەركەز قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدىلىرىدە، ھۆكۈملىرىدە ۋە نىشانلىرىدا بۈيۈك ئورۇن بار. بۇ ئەقىدە ھۆكۈملىرى بولسا ئىنساننى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەندى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلاردىن تاللانغان ئەلچى بولۇپ، بۇ دىننى ۋەھيى ئارقىلىق بىزگە بايان قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‟**سەن(ئۇ مۇشرىكلارغا): مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ**‟{سۈرە«فۇسسىلەت»(**41** ـ سۈرە)، **6** ـ ئايەت}.

بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىمۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئاساسلىقى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشكە، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا قارىتىلغان، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ باقساق، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى خاتا قىلمىشلارنى ۋە خۇراپاتلىقلارنى ئىسلاھ قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئۆز خەلقىگە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى قەۋمىم، سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار"**{سۈرە«ھۇد»(**11** ـ سۈرە)، **85** ـ ئايەت}.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن خەلقىنى ئاللاھنى بىر بىلىشكە چاقىرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم قىلىپ قويماسلىققا، سودا ـ سېتىقتا بىر ـ بىرىنى ئالدىماسلىققا چاقىرغان.

لۇت ئەلەيھىسسالامغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ بەچچىۋازلىققا يۈزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىش قىلغان ئەمەس"**{سۈرە«ئەنكەبۇت»(**29** ـ سۈرە)، **28** ـ ئايەت}.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىبادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. زاكات بايلاردىن ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ، ناماز ۋە روزا بولسا ئىنسانغا ھايات ئىشلىرىدا ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۇئمىنلەر سەۋر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر"**{سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **153** ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى كىشىلەرگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان سودا ـ سېتىقنى ھارام قىلىپ بەلگىلىدى. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئىززىتىنى قوغدايدىغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاقلارنى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىدى. ئاللاھنىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىشىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

1) **زېمىندا خەلىپە قىلىپ تاللىشى.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: 'مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن' دېدى، پەرىشتىلەر: 'يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان ئىنساننى خەلىپە قىلىپ يارىتامسەن، ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىمىز' دېدى. ئاللاھ: 'مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن' دېدى"**{سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **30** ـ ئايەت}.

ئاللاھ ئىنساننى زېمىندا خەلىپە قىلىش ۋە زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش بىلەن ھۆرمەتلىدى، ھەمدە ئىنسانغا بىلىم ۋە ئەقىلنى ئاتا قىلدى.

2) **ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە يارىتىلىشى.** ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، كائىناتتىكى باشقا نەرسىلەردىن ھۆرمەتلىك قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق"**{سۈرە«تىن»(**95** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى، سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، سىلەرگە(تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر"**{سۈرە«غافىر»(**40** ـ سۈرە)، **64** ـ ئايەت}.

3) **ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئۆز روھىدىن جان كىرگۈزۈشى.** ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆز روھىدىن پۈۋلەپ شۇ روھنى ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىك زاتىغا كىرگۈزدى، چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن، ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار دېدى"**{سۈرە«ساد»(**38** ـ سۈرە)، **71** ـ ، **72** ـ ئايەت}.

4) **ئالەمنى ئىنساننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىشى.** ئاللاھ ئىنساننى ھۆرمەتلەپ پۈتكۈل ئالەمنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. دۇنيا ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدا بەخت تېپىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان نېمەتلەرنى بەردى. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى**

**ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى تۇزكوردۇر''**{سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 32 — 34 ـ ئايەتلەر}.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ''**بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلەرنى تولۇق بەردى، بەزى كىشىلەر ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ ھىدايەتكە ۋە نۇرلۇق كىتابقا ئېرىشمەي تۇرۇپ ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ''**{سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 20 ـ ئايەت}.

5) **ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن ئىنسان ئارىسىدا بىرەر ۋاستە قىلماسلىقى.** بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئىنساننى يەنە بىر ھۆرمەتلىشى بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئۆز گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشى، ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئىگىسى ئاللاھ تائالاغا يېلىنسىلا بولىدۇ.

ئاللاھقا يېلىنىش دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىرەر ۋاستە كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا(ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن، ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئىمانىدا چىڭ تۇرسۇن''**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 186 ـ ئايەت}.

6) **ئىنساننىڭ ھۆرمىتى، پۇل - مېلى ۋە ئابرۇيىنى قوغدىشى.** ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى قوغداشنى، جېنىنى قوغداشنى، پۇل ـ مال ۋە ئابرۇيىنى قوغداشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە خالايىققا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''**ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە ئابرۇيۇڭلار بىر-بىرىڭلارغا مۇشۇ شەھەردىكى، مۇشۇ ئايدىكى، مۇشۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشاش ھارامدۇر''**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھوقۇقلىرىنى قوغداش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قوغدىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''**مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇشنىڭ گۇناھى تىرىك ھالەتتىكى كىشىنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرغانلىق بىلەن ئوخشاشتۇر''**(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

7) **بارلىق كىشىلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى.** ئىسلام دىنىدا بارلىق كىشىلەر باراۋەر بولۇپ ئاق بىلەن قارا ئارىسىدا، ئەرەب بىلەن ئەجەم ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، پەقەت ھەربىر كىشى تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن ئادەم ۋە ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئەر بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر''**{سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**ئى خالايىق ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر، ئاتاڭلار بىردۇر، ئەرەبلەر ئەجەملەردىن ئارتۇق ئەمەس، ئەجەملەر ئەرەبلەردىن ئارتۇق ئەمەس، قىزىل تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئارتۇق ئەمەس، قارا تەنلىكلەر قىزىل تەنلىكلەردىن ئارتۇق ئەمەس، ئارتۇقچىلىق پەقەت تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ''**(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ئىسلام دىنى جازا چارىلىرىنى تەتبىقلاشتىمۇ باي، كەمبەغەل، باشلىق، پۇقرا، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىماستىن ھەممە كىشىلەرنى باراۋەر قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''**ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئابرۇيلۇق كىشى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ**

بولۇپ، ئاساسلىقى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشكە، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا قارىتىلغان، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ باقساق، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى خاتا قىلمىشلارنى ۋە خۇراپاتلىقلارنى ئىسلاھ قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئۆز خەلقىگە مۇنداق دەيدۇ: ”ئى قەۋمىم، سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار“{سۈرە«ھۇد»(11 ـ سۈرە)، 85 ـ ئايەت}.

شۇئەيب ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن خەلقنى ئاللاھنى بىر بىلىشكە چاقىرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم قىلىپ قويماسلىققا، سودا ـ سېتىقتا بىر ـ بىرىنى ئالدىماسلىققا چاقىرغان.

لۇت ئەلەيھىسسالامغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ بەچچىۋازلىققا يۈزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ”سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىش قىلغان ئەمەس“{سۈرە«ئەنكەبۇت»(29 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىبادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر. زاكات بايلاردىن ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ، ناماز ۋە روزا بولسا ئىنسانغا ھايات ئىشلىرىدا ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”ئى مۇئمىنلەر سەۋر ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر“{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 153 ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى كىشىلەرگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان سودا ـ سېتىقنى ھارام قىلىپ بەلگىلىدى. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئىززىتىنى قوغدايدىغان ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەخلاقلارنى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىدى. ئاللاھنىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىشىگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

**1) زېمىندا خەلىپە قىلىپ تاللىشى.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ’مەن يەر يۈزىدە بىر خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن‘ دېدى، پەرىشتىلەر: ’يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان ئىنساننى خەلىپە قىلىپ يارىتامسەن، ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيەلەيمىز، مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىمىز‘ دېدى. ئاللاھ: ’مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن‘ دېدى“{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 30 ـ ئايەت}.

ئاللاھ ئىنساننى زېمىندا خەلىپە قىلىش ۋە زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇش بىلەن ھۆرمەتلىدى، ھەمدە ئىنسانغا بىلىم ۋە ئەقىلنى ئاتا قىلدى.

**2) ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە يارىتىلىشى.** ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، كائىناتتىكى باشقا نەرسىلەردىن ھۆرمەتلىك قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق“{سۈرە«تىن»(95 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى، سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى، سىلەرگە(تۈرلۈك) پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر“{سۈرە«غافىر»(40 ـ سۈرە)، 64 ـ ئايەت}.

**3) ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئۆز روھىدىن جان كىرگۈزۈشى.** ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆز روھىدىن پۈۋلەپ شۇ روھنى ئىنساننىڭ ھۆرمەتلىك زاتىغا كىرگۈزدى، چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن، ئۇنى مەن راۋرۇس ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار دېدى“{سۈرە«ساد»(38 ـ سۈرە)، 71 ـ، 72 ـ ئايەت}.

**4) ئالەمنى ئىنساننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىشى.** ئاللاھ ئىنساننى ھۆرمەتلەپ پۈتكۈل ئالەمنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. دۇنيا ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدا بەخت تېپىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان نېمەتلەرنى بەردى. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى

ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بىلەن دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى تۇزكوردۇر" {سۈرە «ئىبراھىم» (14 ـ سۈرە)، 32 — 34 ـ ئايەتلەر}.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېمەتلەرنى تولۇق بەردى، بەزى كىشىلەر ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ ھىدايەتكە ۋە نۇرلۇق كىتابقا ئېرىشمەي تۇرۇپ ئاللاھ ھەققىدە جېدەللىشىدۇ" {سۈرە «لوقمان» (31 ـ سۈرە)، 20 ـ ئايەت}.

**5) ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلەن ئىنسان ئارىسىدا بىرەر ۋاستە قىلماسلىقى.** بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئىنساننى يەنە بىر ھۆرمەتلىشى بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئۆز گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشى، ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئىگىسى ئاللاھ تائالاغا يېلىنسىلا بولىدۇ.

ئاللاھقا يېلىنىش دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىرەر ۋاستە كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىندۇرمەن، ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئىماندا چىڭ تۇرسۇن" {سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 186 ـ ئايەت}.

**6) ئىنساننىڭ ھۆرمىتى، پۇل ـ مېلى ۋە ئابرۇيىنى قوغدىشى.** ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى قوغداشنى، جېنىنى قوغداشنى، پۇل ـ مال ۋە ئابرۇيىنى قوغداشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە خالايىققا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە ئابرۇيۇڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا مۇشۇ شەھەردىكى، مۇشۇ ئايدىكى، مۇشۇ كۈننىڭ ھۆرمىتى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشاش ھارامدۇر" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھوقۇقلىرىنى قوغداش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قوغدىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇشنىڭ گۇناھى تىرىك ھالەتتىكى كىشىنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرغانلىق بىلەن ئوخشاشتۇر" (ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

**7) بارلىق كىشىلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى.** ئىسلام دىنىدا بارلىق كىشىلەر باراۋەر بولۇپ ئاق بىلەن قارا ئارىسىدا، ئەرەب بىلەن ئەجەم ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، پەقەت ھەربىر كىشى تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن ئادەم ۋە ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر ئەر بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر" {سۈرە «ھۇجۇرات» (49 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت}.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئى خالايىق ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر، ئاتاڭلار بىردۇر، ئەرەبلەر ئەجەملەردىن ئارتۇق ئەمەس، ئەجەملەر ئەرەبلەردىن ئارتۇق ئەمەس، قىزىل تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئارتۇق ئەمەس، قارا تەنلىكلەر قىزىل تەنلىكلەردىن ئارتۇق ئەمەس، ئارتۇقچىلىق پەقەت تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ" (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ئىسلام دىنى جازا چارىلىرىنى تەتبىقلاشتىمۇ باي، كەمبەغەل، باشلىق، پۇقرا، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىماستىن ھەممە كىشىلەرنى باراۋەر قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئابرۇيلۇق كىشى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

**قالسا ئۇنى قويۇپ بەرگەن، ئەگەر بىرەر ئاجىز كىشى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلغان. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناۋادا مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم**"(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

3. ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىيلىقى

ئىسلام دىنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغۇچىنى قوبۇل قىلىشتا ئىرق، مىللەت، چېگرا ئايرىمايدىغان بولۇپ، پۈتكۈل كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ:

1) **ئىسلام دىنى پۈتكۈل كىشىلەرنى قىيامەتكىچە قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ.** ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى زېمىندىكى بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن قىيامەتكىچە، يەنى دۇنيا هاياتى ئاخىرلاشقۇچە دىنىي ئېتىقاد قىلىپ بەلگىلەپ بەردى.

ئىسلام دىنى بولسا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ دىنىدۇر، ئىسلام دىنى ئەرەبلەرگە، ئەجەملەرگە، ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىكلەرگە خاس ئەمەس، ئىسلام دىنىدا ئۆزى ئۈچۈن تاللانغان مەخسۇس خەلق يوق ياكى مەخسۇس سۈپەتلىك كىشىلەر يوق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**بىز سېنى پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن خوش-خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپلا ئەۋەتتۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلمەيدۇ**"{سۈرە«سەبەئ»(34 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: "**پۈتۈن جاهان ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر**"{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}.

2) **ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتكۈل باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى.** ئىسلام دىنى ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن نورغۇنلىغان بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى، ئىنساننىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە مۇۋاپىق تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ بەردى، ھەتتاكى ئېمىتىش، بالا تەربىيەلەش، بالىنى قوغداش، توي قىلىش، ئاتا بولۇش، ئانا بولۇش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ نورغۇنلىغان ھۆكۈملەرنى بەلگىلەپ بەردى.

3) **ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى.** ئىسلام دىنى بولسا ئىنساننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى، باشقىلارغا بولغان ئالاقىلىرىنى ئۆزىنىڭ پرىنسىپى بىلەن ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسان ئۆيدە ياكى سىرتتا بولسۇن، ئۆز ئىشىنى ياكى باشقىلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىۋاتقان بولسۇن، ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئىسلام دىنى قائىدە ـ ئەھكاملىرىغا تەتبىقلاش كېرەك.

ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ بەزى ئىشلارنى بېجىرىشتە قائىدە ـ تۈزۈمگە ئەمەل قىلىپ، يەنە بەزىلىرىدە ئەمەل قىلماسلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسان ھەرقانداق ئىش بېجىرىشتە شەرىئەت قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بارسا ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ، ئەكسىچە بولسا جازاغا ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۇئمىنلەر ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر**"{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 208 ـ ئايەت}.

4. ئوتتۇراھاللىقى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرھال يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولۇپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى ھەمدە ئاجىز بولۇشنىمۇ خالىمايدۇ. ئوتتۇراھاللىقتىن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

1) **ئادىللىق مەقسەت قىلىنىدۇ.** ئادىللىق توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلسا ئەلۋەتتە قولىنى كەسكەن بولاتتىم**" دېگەن سۆزى ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**بىز سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغاندەك سىلەرنىڭ كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن سىلەرنى ئادىل(ئوتتۇرھال) ئۈممەت قىلدۇق**"{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 142 ـ ئايەت}.

2) **ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلەردە ئوتتۇرھال بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.** ئىسلام دىنى پاكىز، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ھارام قىلمىدى ھەم شۇنىڭدەك سېسىق، ناچار نەرسىلەرنى ھالال قىلمىدى، مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھاللىقى.

ئىسلام دىنى بەك بوشاڭلىقنى ھەمدە بەك ئاشۇرۇۋېتىشنىمۇ خالىمايدۇ. بەلكى ھەممە ئىشتا ئوتتۇرھال بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

5. ئەمەلىيلىكى. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان ياشاۋاتقان مۇھىتقا ئاساسەن ھەرخىل بەلگىلىمە چىقىرىدىغان بولۇپ ئىنساننىڭ تەبىئىيتىگە ۋە ھەرخىل ھالەتلىرىگە ماس كېلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ھەربىر كىشىنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىتى ۋە شارائىتىنى كۆزدە تۇتىدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە بەخت ئاتا قىلىشتا زور رول ئوينىماقتا.

ئىسلام دىنىدا رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھېچقانداق بىرەر ئەقىدە ۋە ھۆكۈم تېپىلمايدۇ. ئىسلام دىنى ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھقا قۇربىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىڭلار**"{سۇرە «تەغابۇن»(**64** ـ سۇرە)، **16** ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا ھەر ۋاقىت موھتاج بولىدىغان بىرەر نەرسىنى ھارام قىلىپ بەلگىلىمىدى ھەم شۇنىڭدەك ئىنسانغا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر نەرسىنى ھالال قىلىپ بەلگىلىمىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا چىرايلىق كىيىنىڭلار، يەڭلار-ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى**"{سۇرە «ئەئراف»(7 ـ سۇرە)، **31** ـ، **32** ـ ئايەت}.

ئىسلام دىنى شەرىئىتى يولغا قويۇلغىلى **1400** يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن داۋاملىق راۋاجلىنىپ ماڭماقتا.

**6**. ئاسانلىقى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى نادان كىشىلەر بولسۇن ياكى ئىلىملىك كىشىلەر بولسۇن ھەممىسى چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ، باشقا دىنلاردىن بۇ جەھەتتىمۇ ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە بىھۇدە گەپلەر، چۈشىنىكسىز گەپلەر ھەمدە سىرلىق سۆزلەر تېپىلمايدۇ، بەلكى ھەربىر شەخس نېمىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئاسانلا بىلەلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا خەۋەر قىلغان جەننەت ۋە دوزاخ ھەم ئۇنىڭدىكى نېمەت ياكى ئازابلار ئەقلىگە مۇۋاپىقتۇر ھەم ئۇنى چۈشىنىش ئاساندۇر. بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدۇ، بىر يىلدا رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇلىدۇ، زاكات، پۇل مەلۇم مىقدارغا يەتكەندە بايلاردىن ئۆلچەملىك مىقدار بىلەن ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ. ھەج بولسا قۇربىتى يەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرزدۇر. ھەرقانداق بىر كىشى بۇلارنى چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، ئۇنى يادلاش ۋە چۈشىنىش ھەربىر قىزىققۇچى ئۈچۈن ھەم ئاساندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى ئەستە تۇتۇشقا ئاسان قىلدۇق، ئۇنىڭدىن نەسىھەت ئالغۇچى بارمۇ**"{سۇرە«قەمەر»(**54** ـ سۇرە)، **40** ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئىشەنچلىك ھالەتتە نۇرغۇنلىغان كىتابلار بىلەن ساقلاقلىقتۇر، تارىخى ئىش ـ ئىزلىرى ئۆز ئەينى بويىچە ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئىسلام دىنى ھۆكۈملىرى چىقىرىلىدىغان بولۇپ، ئىنسانلار بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا شۇ مەنبەلەرگە تايىنىدۇ. بۇلار بولسا ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدۇر. ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە توغرا چۈشىنىپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جەمئىيەتكە توغرا شەكىلدە تارقىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى لازىم.

(ئاپتور: كەلپىن ناھىيە توققۇز گۈمبەز جامەسىنىڭ مۇئاۋىن ئىمامى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



# مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدىكى تەرجىمە ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

مۇھەممەد ئابدۇرېھىم

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدىكى تەرجىمە ھەرىكىتى مىلادىيە 11 — 13 ـ ئەسىرلەردە ئىسپانىيە تورىدودىكى تەرجىمە مەدرىسى مەركەز قىلىنىپ تۇرۇپ، ئەرەب تىلىدىكى ھەرقايسى ساھەدىكى كىلاسسىك ئىلمىي ئەسەرلەر لاتىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدىكى چوڭ بىر مەيدان تەرجىمە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تورىدودىكى بۇ تەرجىمە ھەرىكىتى ئاساسەن ئەرەب تىلىدىكى كىلاسسىك يۇنان پەلسەپەسى، كىلاسسىك ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بۇ كىلاسسىك ئەسەرلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان شەرھلىرى، باھالىرى، تولۇقلىمىلىرى ۋە ئىجادلىرى ھەم مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرىگە ئائىت نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر لاتىن تىللىرىغا ياكى ئىبراي تىلىغا، ئىسپان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

مىلادىيە 1130 ـ يىلى تورىدودا مۇنتىزىم تەرجىمە مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر كىلاسسىك ئىلمىي ئەسەرلەر توپلىنىپ، رەتلىنىپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ مەكتەپنىڭ تەرجىمە خىزمىتى مىلادىيە 1135 ـ يىلى باشلىنىپ، 1284 ـ يىلغىچە بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان. بۇ مەزگىلدە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىملار بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ياكى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ ئارقىلىق بۇ مەكتەپتە كۆپلىگەن تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى يېتىشىپ چىقىپ، ئەرەب ئالىملىرىنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، خىمىيە، فىزىكا، تارىخ، مېتافىزىكا، پسىخولوگىيە، لوگىكا ۋە سىياسىيغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ئارىستوتېل، پىلاتون، ئېئوسلىد، پىتولېمى، گالىن، ھىپپوگرات قاتارلىق يۇنان كىلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئەل خارەزمى، بەتتانى، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد قاتارلىق مەشھۇر ئەرەب ـ ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن شەرھلەر بىلەن بىرگە، ئەرەبچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىلغان.

مىلادىيە 1252 ـ يىلدىن 1284 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئاۋېسنو X ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە تەرجىمە ئىشلىرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئاۋېسنو X مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئىسپانچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ يەنە مىلادىيە 1269 ـ يىلى، سېۋىللادا ئەرەب ۋە لاتىن

تىلىدا دەرس ئۆتىلىدىغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە تەتقىقات يۇرتلىرىنى ئېچىپ، «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق مۇقەددەس دىنىي كىتابلارنى، شۇنىڭدەك ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيەگە ئائىت ئەرەبچە ئەسەرلەرنى ئىسپان تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئىلمىي ئەسەرلەر ئىسپانىيە پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولغان ھەمدە ئىسپانىيە ياۋروپا مەدەنىيىتى ئەڭ روناق تاپقان ئەللەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان بۇ تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە نۇرغۇن قىممەتلىك، ئىلمىي ئەسەرلەر لاتىن تىلىغا ۋە باشقا تىل ـ يېزىقلارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىگە ۋە تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان ئەرەب ئەسەرلىرى زور ئىجابىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن:

**پەلسەپە جەھەتتە:** مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە، يۇنان ۋە پارس پەلسەپە ئىدىيەسىنى تارقىتىش داۋامىدا، ئەرەب ـ ئىسلام خەلىپىلىكى تەۋەسىدە بىر تۈركۈم ئېنسىكلوپېدىيە تىپىدىكى دۇنيا پەلسەپە تەرەققىيات تارىخىغا، بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپا پەلسەپە تارىخىغا زور تۆھپە قوشقان كىندى، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد قاتارلىق پەيلاسوپ ـ ئالىملار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە يەشكەن، شۇنداقلا يېڭى نەزەرىيە، قاراشلارنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ بۇ نەزەرىيەلىرى قەدىمكى يۇنان پەلسەپەسى ۋە مۇھىم ئىلمىي مىراسلىرى، جۈملىدىن ئارىستوتېلنىڭ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان بارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئالدىدا نامايان بولۇپ، ياۋروپا ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، غەربىي ياۋروپا پەلسەپە ئىدىيەسىنى قەدەممۇقەدەم ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

ئىبنى رۇشدنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان «ئاۋېرروئىز»(ئىبنى رۇشدنىڭ لاتىنچە ئاتىلىشى) ئېقىمى 400 يىل ياۋروپادىكى ھاياتى كۈچكە ئىگە ھەمدە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىيە ئېقىمى بولۇپ كەلگەن.

ئىبنى رۇشدنىڭ ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىگە بەرگەن ئۈچ خىل يەشمىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسلىق پەلسەپە ئەسىرى «زىددىيەتنىڭ زىددىيىتى»، ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپەۋى تېبابەتچىلىك ئەسىرى «تېبابەت قانۇنى»، ئىبنى مەيمۇننىڭ «قىبلىنامە»، شۇنداقلا كىندى، فارابى قاتارلىق پەيلاسوپ ـ ئالىملارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، زور تەسىر قوزغاپ، ياۋروپا پەلسەپە ساھەسىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

ئەنسارىنىڭ «دىننىڭ قايتا گۈللىنىشى» دېگەن كىتابى ھەمدە لوگىكا ۋە مېتافىزىكىغا ئائىت ئەسەرلىرى؛ ئىبنى ھەببۇللانىڭ «ھاياتلىق بۇلىقى» دېگەن كىتابى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپا چېركاۋ پەلسەپە ساھەسىدە ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىغان، شۇنداقلا ياۋروپالىق ئالىملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولغان.

ئىبنى مەيمۇننىڭ «قىبلىنامە» دېگەن كىتابى ئىبراي تىلىغا، كېيىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى پەلسەپەگە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

**تېبابەتچىلىك جەھەتتە:** ئەرەبلەر گىرېك، ھىندى، پارس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تېببىي مىراسلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، رەتلەپ ساقلاپ ماڭغان. بۇ ئاساستا، ئۇلار دورىگەرلىك، ئاناتومىيە، پاتالوگىيە، يېمەكلىك ئىلمى، تاشقى كېسەل ئىلمى ھەمدە كلىنىكىلىق دىياگنوز قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كىشىنى تاڭ قالدۇرغىدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، شۇ زاماندىكى ياۋروپا تېبابەتچىلىك ساھەسىنىڭ دورايدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان ئۈلگىسى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 11 — 13 ـ ئەسىرلەردىكى زاماندا، لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە تېبابەتچىلىك كىتابلىرى 300 خىلدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن غەربنىڭ ئەرەب تېبابەتچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غەرب تېبابەتچىلىكىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئەرەب ـ ئىسلام تېببىي ئالىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان مۇھىم ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

رازى، ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تېبابەتچىلىك قامۇسى» ياۋروپا تېببىي ساھەسىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت

بېرىشكە ئىگە بولۇپ، ھەممىدىن بەك قارشى ئېلىنىدىغان تېببىي دەرسلىك بولۇپ قالغان. مەزكۇر كىتاب مىلادىيە 1279-يىلى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن مىلادىيە 1486-يىلدىن 1542-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي بەش قېتىم قايتا بېسىلغان. ئۇنىڭ «چېچەك ۋە قىزىل» دېگەن كىتابى ئالدى بىلەن لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مىلادىيە 1565-يىلى ئىتالىيەنىڭ ۋېنتسىيە شەھىرىدە نەشر قىلىنغان، كېيىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مىلادىيە 1498-يىلدىن 1866-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە 40 قېتىم قايتا-قايتا بېسىلغان. ئۇنىڭ «مەنسۇر تېبابەت كىتابى» دېگەن ئەسىرى جەمئىي 10 جىلد بولۇپ مىلادىيە 15-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

تېۋىپلار شاھى دەپ ئاتالغان مەشھۇر تېۋىپ ئىبنى سىنا، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بەش توم 37 بابقا بۆلۈنگەن ئەسىرى «تېبابەت قانۇنى» دېگەن تېبابەتچىلىك دىۋانى سىستېمىلىق بىر تېببىي ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ، ئوردا غەرب تېبابەتچىلىكىنىڭ قىبلىنامىسى، شۇنداقلا شەرق-غەربنىڭ نوپۇزلۇق دەستۇر كىتابى بولۇپ قالغان. «تېبابەت قانۇنى» لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان 30 يىل ئىچىدە 15 قېتىم قايتا-قايتا بېسىلغان. بۇ كىتاب دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن تارىختىكى تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغان، ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بۇ كىتابنى تېببىي ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساس دەرسلىكى قىلغان.

زەھراۋى، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «تېبابەتچىلىكتىكى گۆھەر ئەينەك» لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ياۋروپا تاشقى كېسەللىكنىڭ ئۇلىنى ھازىرلاپ بەرگەن بولۇپ، غەرب دۆلەتلىرى ئەڭ قىممەتلىك «تاشقى كېسەل دەستۇر كىتابى» دەپ ئاتىغان. ئۇ ياۋروپا تاشقى كېسەل ئىلمى ساھەسىدە 500 يىلدىن ئارتۇق ئاساسلىق دەرسلىك قىلىنغان.

ئىبنى مەيمۇننىڭ «تېبابەتچىلىك قائىدىسى»، «كۈتۈنۈش ئۇسۇلى» دېگەن تېبابەت ئەسەرلىرى ۋە «جىنسىيەت»، «زەھەرىيەت» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى؛ ئەلى ئىبنى ئابباس مەجۇشىنىڭ «خان جەمەتى تېبابىتى» دېگەن تېبابەت ئەسىرى قاتارلىقلار لاتىن تىلىغا ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا ئەلى ئىبنى ئىسانىڭ «كۆز تېۋىپلىرىنىڭ قوللانمىسى»؛ ھۇنەين ئىبنى ئىسھاقنىڭ «كۆز كېسەللىكلىرىدىكى 10 نەزەرىيە»، «تېبابەتچىلىكتىن سوئال-جاۋابلار» قاتارلىق ئەڭ قەدىمى، ئەڭ قىممەتكە ئىگە كۆز كېسەللىكىنىڭ يازما مەنبەسى بولغان ئەسەرلەر لاتىن تىلىغا ۋە باشقا تىل-يېزىقلارغا تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپانىڭ كۆز كېسەللىكى بىلىملىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالغان.

**ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە جەھەتتە:** ئەل خارەزمى ئەڭ شەۋكەتلىك ئەرەب ماتېماتىكى ۋە ئاسترونومى. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئالگېبرا ۋە تەڭلىمە» مىلادىيە 12-ئەسىردە لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تاكى مىلادىيە 16-ئەسىرگىچە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك قىلىنغان ھەمدە ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىدا غايەت زور رول ئوينىغان. ھىندى رەقىمى ۋە نۆل رەقىمى ھەمدە ئونلۇق كۆڭۈلدە قىلىش ئۇسۇلىمۇ، شۇنداقلا بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئورتاق قوللىنىپ كېلىۋاتقان «ئەرەب رەقىمى» ماتېماتىكا ئالىمى ئەل خارەزمىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان. بۇ ماتېماتىكا تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار يۇنان، ھىندىستان ۋە پېرسىيەلەرنىڭ ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، نەچچە يۈز يىللىق كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كىلاسسىك ئاسترونومىيە بىلىملىرى خەزىنىسىنى ئوبدانلا بېيىتىپ ۋە ئەرەب خەلىپىلىكىدىكى ئالىملارنىڭ كۆپ خىل ئاسترونومىيەلىك ئەسەرلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپاغا تارقالغان، ھەم ياۋروپا ئاسترونومىيەسىنىڭ تەرەققىياتىدا زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. «ئەل خارەزمى كالېندارى»نى ئىسپانىيەلىك ئاسترونوم مىسرامە مەجلىت سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەرق-غەربتىكى تۈرلۈك كالېندارلارنىڭ ئاساسىي نۇسخىسى بولۇپ قالغان. ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئاسترونومىيە ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ناھايىتى چوڭقۇر ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ئىسلام كالېندارى ئىشلەپ چىقىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسترونومىيەلىك

كالېندارىنى ھېسابلاپ چىقىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىر قەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەن.

**خىمىيە جەھەتتە:** ئەڭ داڭلىق ئەرەب خىمىكى جابىر ئىبنى ھەييان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان خىمىيەسىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا خىمىيە ساھەسىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، رازىنىڭ مېتال تاۋلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسىرى «خىمىيەنىڭ يوشۇرۇن قانۇنى»مۇ لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، غەرب خىمىيە بىلىملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ قالغان.

**ئوپتىكا جەھەتتە:** ئىبنى ھېسام، ئەرەب «ئوپتىكىسىنىڭ ئاتىسى» دېگەن مۇبارەك نامغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ «ئوپتىكىدىكى گۆھەر ئەينەك» دېگەن ئەسىرى دۇنيادىكى تۇنجى ئوپتىكا ئىلمى توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەرقانداق ئەسەر بۇ كىتابنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان. ياكى مىلادىيە 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ كىتابنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئوپتىكا ئەسىرى دۇنياغا كەلمىگەن.

ئىبنى ھېسام بىلەن كىندى ئوپتىكا ئەسەرلىرىنىڭ لاتىنچە تەرجىمە نۇسخىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوپتىكا نەزەرىيەلىرى ۋە تەجرىبە ئۇسۇللىرى ياۋروپا ئوپتىكىسىغا ھەمدە پۈتكۈل ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئەدەبىيات، مۇزىكا، تىل جەھەتلەردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى لاتىن تىل ـ يېزىقلىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياۋروپانىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

دېمەك، بۇ تەرجىمە ھەرىكىتى ئەينى زاماندا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا خىرىستىيان جەمئىيىتىگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پەلسەپە ۋە ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئىشتىياقىنى يېڭىباشتىن قوزغاپ، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان يۇنان كىلاسسىك مەدەنىيىتىنى غەربكە يەتكۈزۈش رولىنى ئوينىغان. بۇ تەرجىمە پائالىيىتىدە ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، جۈملىدىن مىسىر، بابىل، پارس، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي كىلاسسىك ئەسەرلەر لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجادىيىتى، ئۇلارنىڭ ئىلىم ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى تۆھپىلىرى، شۇنداقلا ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى، ئەرەب ـ ئىسلام تۇرمۇش شەكلى، ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىقلار غەربكە تونۇشتۇرۇلۇپ، ياۋروپا يېڭى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئىدىيەۋى يول ئاچقان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

(بېشى 53 ـ بەتتە) ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيەسىمۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ مەرسىيەنىڭ بىر كۇبلېتى ئەل ئېغىزىدا ساقلىنىپ قالغان:

خەتبۇل ئەقتاب ۋاپاتىنىڭ يىلى،
قۇررەئىل قايراقىنىڭ كەتتى گۈلى.
دەرد ـ پىراقىدىن ئىدالەر ئەيلىشىپ،
سايرىشىپ قالدى چىمەننىڭ بۇلبۇلى.

مەرھۇمنىڭ ئىزىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئىلىمگە مۇھەببەت باغلىغان ئەۋلادلىرى بوۋىسىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا تىرىشىپ ئىشلەپ تۆھپە قوشماقتا. بوۋىسى ياققان مەرىپەت مەشئىلىنى نۇرلاندۇرماقتا.

ھازىر مەرھۇمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر نەپەر دوكتور، ئىككى نەپەر دىنىي ئالىم، بىر نەپەر ماگىستىر، سەككىز نەپەر دوتسېنت، ئىككى نەپەر مۇتەخەسسىس، ئالتە نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى، 30 دىن ئارتۇق تۇرلۇك كەسىپلەردە ئىشلەيدىغان پەن ـ تېخنىكا خادىمى يېتىشىپ چىقىپ، رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. 30 نەپەردىن ئارتۇق ئىستۇدېنت ئوقۇغۇچى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپلەر ۋە كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇماقتا.

ئۇنىڭ توپلىغان بىرقىسىم تېببىي رىساللىرى، ساقلىغان بىر قىسىم تېبابەت كىتابلىرى زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرىنىڭ مۇرەككەپ كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش، پەرۋىش قىلىشىدىكى مۇھىم قوللانما ۋە قامۇسلۇق رولىنى ئوينىماقتا.

(ئاپتور: ئاتۇش شەھەرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)



# ئىسلام ئاخۇن داموللا

ئىسھاق مۇھەممەد

دىنىي ئالىم، مەشھۇر پېداگوگ، يېتۈك شائىر، جامائەت ئەربابى ئىسلام ئاخۇن داموللا 1893-يىلى ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ دېھقانلا كەنتىدە موللاۋەز ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى ۋاپات بولغان.

موللاۋەز ئاخۇن ئوغلىنى ئەتراپلىق تەربىيەلەش ئۈچۈن دەسلەپ ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە، كېيىن ئۇستۇنئاتۇش قايراق مەدرىسىدە موللا ۋەز خەلپىتىم، مەھمۇت داموللاملاردا ئوقۇتقان.

زېرەك ئىسلام ئاخۇندا بىلىم قورۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىششىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭدا يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئىستىكى تۇغۇلغان. 1925-يىلىدىن 1930-يىلىغىچە قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئاتلانغان.

خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇش جەريانىدا زور ئىجتىھات بىلەن ئەرەب-پارس تىللىرى ھەمدە ئىلمىي تەپسىر، ئىلمىي مەئانىي، ئىلمىي ھەدىس، ئىلمىي فىقھە، تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، پەلسەپە، پېداگوگىكا، شېئىرىيەت قاتارلىق پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى مۇكەممەل ۋە مۇپەسسەل ئۆگىنىپ، ئۆز زامانىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئۇ قەشقەر خانلىق مەدرىستىكى ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇستۇنئاتۇش قايراق مەدرىسى، دېھقانلا مەدرىسى قاتارلىق دىنىي بىلىم يۇرتلىرىغا مۇدەررىسلىك، دېھقانلا جامەسىدە خاتىپلىق ۋە مەھەللە مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغان.

ئۇ ئۇستۇنئاتۇش قايراق مەدرىسى، دېھقانلا مەدرىسى قاتارلىق دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا مۇدەررىسلىك قىلغان مەزگىلدە كونچى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا قارىتىپ، كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى يازماي يادلىتىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يېزىش بىلەن ئوقۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ھەم يادلايدىغان ھەم ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، مەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىتىدىغان يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتكەن. ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىكى دىنىي بىلىملەرگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، پەننىي بىلىملەرگە سەل قارايدىغان ئەھۋالنى ھەر ئىككىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان. مەدرىسلەردە دىنىي دەرسلەرنى دوسكا ئارقىلىق يېزىپ ئۆگىتىش جەھەتتە ئۈلگە تىكلىگەن. ئۇ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى يۇقىرى، ئىجتىھاتلىق كىشى بولۇپ، دەرس بەرگەن مەدرىسلەردە سەرپ، نەھۋى، فىقھە ئىلىملىرى، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئىلىم بەرگەن.

ئۇ چوڭقۇر پىكىرلىك، زېھنىي ئۆتكۈر، ئەرەب، پارس تىللىرىغا، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا پىششىق كىشى بولغاچقا، شاگىرتلىرىغا ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگەتكەن.

ئۇ تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ 1930-يىللارنىڭ

ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

ئالدى - كەيندىكى قەشقەر ۋە باشقا جايلاردا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئاممىۋى مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاقارتىش ھەرىكىتىنى چىن قەلبىدىن قوللاپ، ئۇنىڭغا ياخشى مەسلىھەتچى، ياردەمچى بولغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسىدىكى ماھىرلىقى، ئىقتىدارلىقلارنى بايقاش پاراسىتى بىلەن بىر قىسىم شاگىرت - تالىپلاردىكى بىلىمگە ھېرىسمەنلىك، يۇقىرىلاپ ئوقۇش قىزغىنلىقى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنى دىنىي مەدرىسلەردە ئوقۇشتىن سىرت پەننىي مەكتەپلەردىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇپ، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەقىدە قىلىپ تەربىيەلىگەن شاگىرتلىرىدىن سەلەي داموللا ھاجىم(قەشقەر ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ خاتىپى)، ئابدۇقادىر شېرىن داموللا ھاجىم، مۆمىن سابىرى قاتارلىقلار دىنىي ئىلىمدىن باشقا پەننىي ئىلىملەردىمۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئۇنىڭ ئىلمىي ئىستېداتى جەمئىيەتنىڭ دىققەت نەزىرىگە چۈشكەندىن كېيىن، بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە ئىخلاسمەنلىرى ئۇنى پەننىي مەكتەپ ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەۋسىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1932 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە ئىكساقتىكى ھۈسەينىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ دىنىي ئالىم بولۇش بىلەنلا قالماي بەلكى يېڭىلىقنى، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى.

1935 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ئوردا ئىشىكىدە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن(سىفەن مەكتىپى) قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇستۇنئاتۇش ئىكساقلىق مەشھۇر مائارىپچى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1935 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، پىشقان نۇتۇق ئىقتىدارى، پېداگوگىكىلىق ماھارىتى بىلەن دەرس ئۆتۈپ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئۇ مەشھۇر ناتىق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلەش، ۋەز - تەبلىغ قىلىش قابىلىيىتى ئۈستۈن، سۆزلىرىدىكى مەنتىقە، پەلسەپە ئاساسى كۈچلۈك، كەلتۈرگەن دەلىللىرى جانلىق ئىدى. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن ئالغان دەلىل - نەقىللىرى كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆھبەت، دەرس، نۇتۇقلىرى، ۋەز - تەبلىغلىرى كىشىنى جەلپ قىلاتتى(بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار 1997 - يىلى يالقۇن روزى، مىرئەھمەت سېيىت، ئابلىكىم زوردۇنلار ئاپتورلۇقىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق تارىخى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان).

ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىش، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن دىنىي ئالىم، تۆھپىكار مائارىپچى بولۇپ، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، نەپسانىيەتچىلىك ۋە تاماگەرلىكتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان كىشى ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئىلىمخۇمار زات بولۇپ، كىتاب كۆرۈشنى، باشقىلار بىلەن ئىلمىي مۇنازىرە، سۆھبەتلەردە بولۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆمۈر بويى ئەرەب، پارس، چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى توپلىغان ئىدى. ئۇ كىتاب كۆرۈش، يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە شاگىرت تەربىيەلەشنى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى.

ئۇ ئەرەب، پارس تىلى گىراماتىكىسى، ئانا تىل جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئالاھىدە يۇقىرى، ئىنكاسى تېز، ھازىر جاۋاب كىشى بولۇپ، دىنىي، پەننىي، تېبابەت جەھەتلەردىكى ئۇنىۋېرسال بىلىمى، ئەرەب، پارس تىل - ئەدەبىياتىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشى، شېئىرىيەت جەھەتتىكى تالانتى، قەدىمىي ئەسەر، تېبابەت رېتسېپلىرىنى توپلىشى، ساقلىشى جەھەتتىن ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن زاتلىرىدىن ھېسابلىناتتى.

ئۇ شېئىرىيەت ژانىرى بويىچە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم، بىراق شېئىرىي ئەسەرلىرى گومىنداڭ دەۋرىدىكى مالىمانچىلىق سەۋەبىدىن بىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن. خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن: مەرھۇمنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى قۇربان ھاجىمنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىشىدەك رېئاللىققا نىسبەتەن ئاتاپ يازغان ئەرەب تىلىدىكى مەرسىيەسى ۋە 1930 - يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇت مۇھىتىغا ئاتاپ يازغان «تۇرپانى» ناملىق ئەرەبچە شېئىرى ئالاھىدە ئىلمىي مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئۇستۇنئاتۇش قايراق جامەسىنىڭ خاتىپى سامساق ھاجىمنىڭ ھىجرىيە 1353 - يىلىدىكى(داۋامى 51 - بەتتە)



# مۇسۇلمانلار كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**"ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن"**{سۈرە«ئەلەق»(96 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت}؛ **"ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟"**{سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە)، 82 ـ ئايەت}؛ **"بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر"**{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 121 ـ ئايەت}؛ **"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن(دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا(قۇرئان) نەسىھەتتۇر"**{سۈرە«تەكۋىر»(81 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھېكمەت گۆھىرى (ئىلىم) مۇئمىنلەرنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى، ئۇلار ئۇنى قەيەردىنلا تاپسا جۇغلىۋېلىشقا ھەقلىق"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەت ـ ھەدىسلەر روھىدىن ئوزۇق ئالغان دانىشمەنلىرىمىز "كىتاب بىلىم بۇلىقى"، "ياخشى كىتاب بىباھا گۆھەر"، "كىتاب ئىنساننىڭ قانىتى"، "كىتاب ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى دوستى"، "كىتاب دانىشمەنلىكنى تارقىتىش قۇرالى"، "كىتاب ئوقۇغان ئادەم تولۇق ئادەم بولالايدۇ" دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئېيتقان. كىتاب ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۇستاز، ئۇ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەر، دانىشمەن ئۇلۇغلارنىڭ ئەقىل مۇلۇكى. ئادەم كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇسا، روھىي جەھەتتىن شۇنچە ساغلام بولىدۇ. بىر ياخشى كىتابنىڭ ئادەمگە بەخش ئېتىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ. "كىتاب ئىستىقبالغا يوللانغان مەكتۇپتۇر، كىتاب روھنىڭ ئوزۇقى، ئەقىلنىڭ دورىسىدۇر. ئۈمىد بىلەن ئېچىلىپ، خۇرسەنلىك بىلەن يېپىلغان كىتاب ياخشى كىتابتۇر"(جالالىددىن رۇمى). دېمەك، كىشى ئۈچۈن كىتابتىن ئارتۇق ئەزىز ۋە يېقىملىقراق سۆھبەتداش يوقتۇر. كىتاب كىشىگە ئىشەنچلىك

ئوقۇرمەنلەر ساداسى

ھەمراھتۇر. يالغۇزلۇق ۋە غەملىك كۈنلەردە سىرداش ئۈلپەتتۇر. ياخشى كىتابتا يالغان ۋە خاتا بولماس، سۆھبەتتىن كىشىگە مالاللىق يەتمەس. كىتاب ئىنساننى مەرىپەت نۇرىغا ۋە سائادەت گۈلشەنىگە باشلاپ، ئەخلاقسىزلىق، پەسكەشلىك، گۇناھ ـ مەئىيسەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. كىتاب بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساندىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. بىر ياخشى كىتاب ئىنساننى دۇنيادا ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلىپلا قالماي، ئاخىرەتتىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىگە نائىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **’’ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ‘‘**{سۈرە«مۇجادەلە»(**58** ـ سۈرە)، **11** ـ ئايەت}. بۇنداق بولۇشى بىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى تونۇيالايمىز؛ دۇنيانى، ئادەملەرنى، ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى چۈشىنەلەيمىز؛ ياخشى ـ يامان، ھالال ـ ھارامنى ئايرىيالايمىز؛ قىسقىغىنا ھاياتىمىزدا قانداق ياشىشىمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىمىزنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى بىلەلەيمىز...

ئەزىز قېرىنداشىم، ھازىر ئەتراپىمىزدا ئۆگىنەيلى، ئوقۇيلى دېسەكلا ھەر قانداق مەزمۇندىكى كىتابلار بار. كىتابخانىلاردا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، «ياخشىلار باغچىسى»، «ھىدايەت گۈلزارى»، «شېرىن بۇلاق»، «ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن ساۋات» قاتارلىق دىنىي كىتابلار ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، ئادىمىلىك، قانداق ياشاش تېمىسىدىكى سەرخىل كىتابلار بىزنىڭ سېتىۋېلىپ ئوقۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر دىنىي بىلىملىرىمىز مۇكەممەل بولمىسا، دىنىي كىتابلارنى كۆپرەك كۆرۈپ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىزنى چىڭىتساق، سالامەتلىكىمىزنى ياخشى ئاسراش ئۈچۈن تېببىي كىتابلارنى ئوقۇساق، باللىرىمىزنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيەسىگە ئائىت كىتابلارنى كۆرۈپ تۇرمۇشىمىزغا تەدبىقلىساق، تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىقىقا يولۇققان بولساق پىسخىكىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇساق... قىسقىسى، قىزىقىشىمىز ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا قاراپ قانداق كىتاب ئوقۇشنى بىلسەكلا نۇرغۇن مۇشكۈللىرىمىز ئاسان بولىدۇ، نۇرغۇن ئەگرىلىرىمىز تۈز بولىدۇ، چولتا ئەقلىمىزگە ئەقىل قوشۇلىدۇ...

ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان پەخرىلىك ئالىمىمىز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىمىنىڭ بىرىدە ئۇ زات ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەتلەپ كىتاب كۆرۈدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلىم ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئىلىمگە، كىتابقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتتىن كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم. ماتېرىيالLاردا قەيت قىلىنىشىچە، تەرەققىي تاپقان، مەدەنىيەتلىك ئەللەر خەلقلىرى كىتاب ئوقۇشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئادىتىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇلار ياخشى كىتابتىن **20** ـ **30** پارچە بولمىغان ئائىلىلەرنى قەبرىستانلىققا ئوخشىتىدىكەن. ئۇلار ’’كىتابسىز ئۆي ــ جانسىز تەنگە ئوخشايدۇ، قايسى ئائىلىدە كىتاب ئوقۇلمىسا، ئۇ مۇكەممەل ئائىلە بولۇش شەرتىنى ئورۇندىمىغان ئائىلىدۇر‘‘، ’’دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ئادەم بىر ياخشى كىتابنى ئوقۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان ئادەمدۇر‘‘ دەپ قارايدىكەن. ئەمما، بىزدىچۇ؟ كىتاب ئوقۇيدىغانلار تولىمۇ ئاز دېيەرلىك. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق كىتاب دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، كىتابنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، پايدىسىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ئۆزىنى تارتالمايدىغان، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەن ـ ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئۆمرىنى ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلىرىمىز ئاز ئەمەس. شۇڭىمۇ خېلى تەقۋادار كىشىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ ئەڭ ئاددىيسى كۈندە بەش ۋاخ نامازدا تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيدىغان سۈرە«فاتىھە»نى ئۆلچەملىك، توغرا ئوقۇيالمايدىغانلار تالاي... ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇپ ئاخىرەتتە بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ھېساب بېرەرمىز؟ ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **’’بەندە ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكلىرىدىن ۋە نېمە ئەمەللەرگە سەرپ قىلغانلىقىدىن، پۇل-مالنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكىدىن ۋە جىسمىنى نېمىدە ئۇپراتقانلىقىدىن سوئال-سوراق قىلىنمىغۇچە ئۇنىڭ**

www.uyghurkitap.com



ئىككى قەدىمى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوزغالمايدۇ“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەزىز قېرىنداشىم، كىتاب ئوقۇش باي ـ كەمبەغەللىكنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس، شۇنداقلا بۇگۈنكى كۈندە ھەممىمىز بىرەر پارچە كىتابنى سېتىۋالالمىغۇدەك ئەھۋالدىمۇ ئەمەس. بىھۇدە خەجلەۋاتقان، بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقان، ئىسراپ قىلىۋاتقان ئىقتىسادىمىزنى ئازراق تېجىسەكلا نۇرغۇن ياخشى كىتابلارنى سېتىۋالالايمىز. ئېسىل ماشىنا، كاتتا داچىلار ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولمايدۇ، مال ـ دۇنيانى ئاخىرەتكە بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەر ھامان كونىرايدۇ. رېستورانلاردىكى تەگىدىن تولىسى يېيىلمەي ئىسراپ قىلىنىۋاتقان تاماقلار ساڭا مۇڭگۈز چىقارمايدۇ. بىر پارچە ياخشى كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇساڭ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشىسەن، ئۆيۈڭدە قويساڭ بالىلىرىڭ ئوقۇيدۇ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئەيساجان تۇردى ئاچچىق مۇنداق دەيدۇ: ”كىتاب ئوقۇش چۆلدەرەپ قالغان يۈرەكنى ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئاددىي يۈرەكنى ئالىيجاناب قىلىدۇ. كىتاب ئوقۇش چاپچىپ تۇرغان يۈرەكنى تىنچلاندۇرىدۇ. كىتاب ئوقۇمىساڭ ئۆمرۈڭ قىسقىرايدۇ. كىتاب ئوقۇمىساڭ بەختىڭ قاچىدۇ. كىتاب ئوقۇمىساڭ بوزەك بولىسەن. كىتاب ئوقۇمىساڭ پۇل تاپالمايسەن. كىتابنى خارلىغانلىق — ئۆزىنى سۆيمىگەنلىك. كىتابنى خارلىغانلىق — مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق. كىتابنى خارلىغانلىق — كەلگۈسىنى چۇشەپ قويغانلىق. كىتابنى خارلىغانلىق — مەھكۇملۇق زەنجىرىگە باغلانغانلىق. بىر پارچە ياخشى كىتاب سېنى روھلاندۇرىدۇ. بىر پارچە ياخشى كىتاب سېنى بەختكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. بىر پارچە ياخشى كىتاب سېنى داۋالىيالايدۇ. بىر پارچە ياخشى كىتاب سېنى قۇتقۇزالايدۇ. كىتاب ئوقۇشقا بېرىلسەڭ غەيۋەت قىلىشتەك گۇناھتىن ساقلىنىسەن. كىتاب ئوقۇشقا بېرىلسەڭ ناپاك روھىڭنى تازىلاپ پاكلىنىسەن. كىتاب ئوقۇشقا بېرىلسەڭ غەمدىن قۇتۇلۇپ شادلىنىسەن. كىتاب ئوقۇشقا بېرىلسەڭ ئەرزىمەس ئىشلاردىن قول ئۈزىسەن“. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئېسىل كىتاب قولىدىن چۈشمەيدىغان ئادەم بۇ جاھاندا مەڭگۈ غېرىبسىنىپ قالمايدۇ. ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان بولىدۇ.

ئەزىز قېرىنداشىم، كىتابلا بولسا ئىلغىماي ئوقۇيدىغان ھەم شۇ كىتابتا يېزىلغان پىكىرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئايرىمايلا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىغان ياكى بىلەرمەنلىك، جاھىللىق قىلىپ كەڭ يولنى ئۆزىگە تار قىلىۋالىدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئوقۇغۇدەك كىتاب تاپالمايدىغان، ئىلىمنى ۋە ھەممە ئالىمنى ياراتمايدىغان، ئۆزىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ئاي ـ يىللاپ بىرەر پارچىمۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى تولىمۇ مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. شۇڭا كىتاب ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا قانداق كىتابلارنى ئوقۇشنى ئالدىن بەلگىلىۋېلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇغان كىتابلىرىمىز بىزگە قانچىلىك نەپ بەردى؟ ئەقلىمىزگە ئەقىل قوشۇلدىمۇ؟ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ، يامانلىقتىن چەكلىيەلىدىمۇ؟ دېگەنلەرنى ياخشى ئويلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاشماي ئۇچرىغانلىكى كىتابنى ئوقۇۋەرسەك، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشىمىز مۇمكىن. شەكسىزكى، ئىنساننى بىخۇدلۇققا، ئەخلاقسىزلىققا يېتەكلەيدىغان كىتابنىڭ زەھەردىن پەرقى يوق. بۇنداق كىتابلار ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى خازانغا



ئايلاندۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ھەر نەرسىنىڭ پايدىلىقلىرىنى، ياخشىسىنى تاللىغىنىمىزدەك، كىتابلارنىڭمۇ ئەڭ ياخشىسىنى ۋە پايدىلىقلىرىنى تاللاپ سېتىۋېلىشقا ۋە ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرەيلى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئىلىم ئېلىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستە ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ياخشىلىقىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئېنىقكى، "ئىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولى— كىتاب. ئۇ بىزگە يىراقنى يېقىن قىلىدۇ. كاللىمىزنى ئېچىپ، ئوچۇق كۆزىمىز بىلەن دۇنياغا قارايدىغان قىلىدۇ. ئۆيىمىزنىڭ كىتاب تەكچىسىگە بىر كىتاب قويۇلسا قەلبىمىزدىكى بىر بوشلۇق تولىدۇ. بالىلىرىمىزنى كىتابخانىغا ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ كىتاب ئېلىپ بېرەيلى. خوتۇن-قىزلار بىراۋنىڭ سورۇنىغا داستىخان يۆگەپ بارغاندا مال ۋە غىزا ئورنىغا ئېسىل-ئېسىل كىتابلاردىن زەللە قىلىشنى ئادەت قىلايلى. چۈنكى، نەپسىمىزگە ھەر كۈنى نەچچە ۋاخ ئاش-تاماق بېرىۋاتىمىز، لېكىن روھىمىزغا بەزىدە بىر ۋاقىمۇ تاماق يوق، ئاچ قېلىۋاتىمىز.

ئەزىز قېرىندىشىم، كىتاب ئوقۇش كىشىنى خارلىق-مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، قەلبلەردە گۈزەل ئارزۇ ۋە يۈكسەك ئۈمىد شامىنى ياندۇرۇپ، كىشىنى بەخت مەنزىلىگە يېتەكلەيدۇ. كىتاب ئوقۇش ئادەمنى غەيۋەت-شىكايەتتىن، ئورۇنسىز رەنجىشتىن، مەنىسىز ئىشلاردىن، بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلاردىن، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ۋە كۆڭۈل غەشلىكلىرىدىن يىراق قىلىپ، ئەرزىمەس ئىشلاردىن قول ئۈزدۈرۈپ، قەلبنى پاكلاشقا ئۈندەيدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق، يەنى كىتاب ئوقۇش چوڭ مېڭىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى ساقلاپ، بالدۇر قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئادەمنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، كېسەللىككە نىسبەتەن ئاغرىق توختىتىش رولىنى ئويناپ، كېسەللىك ئازابى ۋە قايغۇ-ھەسرەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ۋە دەم ئېلىشى مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇزۇققىلىنىش ئادىتى ئىلمىي ۋە ساغلام بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش كىشىنى تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان قىلىدۇ.

ئەزىز قېرىندىشىم، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"(ئاللاھ) ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ، ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ، پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ"** {سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، **269**-ئايەت}. ئەنە شۇ پايدىلىق ئىلىم ۋە ھېكمەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممەيلەن كىتاب ئوقۇشنى كۈندىلىك ئادىتىمىزگە ئايلاندۇرايلى، كىتابنىڭ رولىنى تەشۋىق قىلايلى. كاللىمىزنى سىلكىپ تەپەككۇر قىلايلى، ھەمىشە بىر قاچا تاماق بولسىلا تويىدىغان قورساقنىڭ غېمىدىلا يۈرۈۋەرمەي، ئەقلىگىمۇ دەسمايە سالايلى، كىتابلىرىمىزنى توپا بېسىپ قالمىسۇن، كىتابنى توپا باسسا ئەقلىنى توپا باسىدۇ، ئەقلىنى توپا باسسا قانداق بولىدىغانلىقىنى دېمىسەكمۇ ھەممىمىزگە ئايان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ئاڭلىغۇچى بولغىن ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن. بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن"** (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).

ئى ئاللاھ، بىزلەرگە تەۋپىق-ھىدايەت، ئىمان ۋە ئەقىل-ئىدراك، دىت-پاراسەت ئاتا قىلغىن. ھەممىمىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان سالىھ، تەقۋادار مۆئمىن مۇسۇلمانلار قاتارىدىن بولۇشقا نېسىپ قىلغىن. ئامىن!

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا

ئارافات ئىسلام

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى جاھالەتنىڭ زۇلمىتىدىن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت مەشئىلىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئەلىف، لام، را، (بۇ قۇرئان شۇنداق) كىتابتۇركى (ئى مۇھەممەد!) ئۇنى ساڭا كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقىرىشىڭ ئۈچۈن، غالىب، مەدھىيەلەنگەن ئاللاھنىڭ يولىغا (باشلىشىڭ) ئۈچۈن نازىل قىلدۇق**" {سۈرە «ئىبراھىم» (**14** ـ سۈرە)، **1** ـ ئايەت}. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە، تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ھېسسىلەپ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلۇغلاش، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "**شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ**" {سۈرە «فاتىر» (**35** ـ سۈرە)، **29** ـ ئايەت}.

قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرىش ئۇنى قولغا ئېلىپ تۇتۇشتىن باشلاپ، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، تىلاۋەت قىلىش، ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت ھەممە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بىز قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرىشتە ئۇنى ئۆينىڭ ئېگىز تەكچىلىرىگە چىرايلىق تىزىپ قويۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ھەر دائىم ئوقۇپ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىپ باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە بولىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "**(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر**" {سۈرە «ساد» (**38** ـ سۈرە)، **29** ـ ئايەت}.

تۆۋەندە بىز قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرىشتىكى بىرقانچە مۇھىم تەرەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1 .قۇرئان كەرىمنى قولىمىزغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزنىڭ پاكىزلىقىمىزغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ”**ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ**“{سۇرە «ۋاقىئە» (56 ـ سۇرە)، 79 ـ ئايەت} دەيدۇ.

2 .ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر**“ دېگەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئى ئەبۇ زەر! ئەتىگەندە بېرىپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئۆگىنىشىڭ يۈز رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشىراقتۇر؛ ئەتىگەندە بېرىپ، (مەيلى) ئەمەل قىلىنسۇن ياكى (ۋاقتىنچە) ئەمەل قىلىنمىسۇن، بىر باب ئىلىم ئۆگىنىشىڭ، مىڭ رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشىراقتۇر**“ (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

3 .كۆپ ئوقۇپ تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**قۇرئان ئوقۇڭلار، ئۇ (قۇرئان) قىيامەت كۈنى قۇرئان ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن شاپائەت بولىدۇ**“ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىمام تىرمىزىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇسا، ئۇنىڭغا شۇ بىر ھەرپنىڭ ئەجرى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ، 'مەن ئەلىف، لام، مىم'نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى 'ئەلىف' بىر ھەرپ، 'لام' بىر ھەرپ، 'مىم' بىر ھەرپتۇر**“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

4 .قۇرئان كەرىم بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى قۇرئان ئوقۇشتىكى مەقسەت ۋەزىپە ئورۇنداش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئىلمى ھېكمەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ۋە ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن ياخشى ئەخلاقلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلى ھەرىكىتىمىزگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. ھەممىمىزگە مەلۇم ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئەخلاقىدىن سورالغاندا: ”**ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى**“ دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ”**سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**“{سۇرە «قەلەم» (68 ـ سۇرە)، 4 ـ ئايەت} دەپ تەرىپلىگەن.

5 .قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىنغاندا زەن قويۇپ ئاڭلاش لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)**“{سۇرە «ئەئراف» (7 ـ سۇرە)، 207 ـ ئايەت}.

6 .قۇرئان كەرىمنى پەس ئورۇنغا، ئارقا تەرىپىمىزگە ياكى پۇتىمىز تەرىپىگە قويماسلىقىمىز كېرەك.

7 .قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد بىلەن ئوقۇپ، يادلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

8 .قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىن بىۋاستە ھۆكۈم ئالماستىن بەلكى شۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز ۋە ياكى باشقا ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن سورىشىمىز لازىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر قۇلۇپنىڭ ئۆزىگە خاس ئاچقۇچى بولغاندەك، ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ شۇنى يېشىپ بېرىدىغان ئالىمى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**ئەگەر بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار**“{سۇرە «نەھل» (16 ـ سۇرە)، 43 ـ ئايەت}.

دېمەك، بىز قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرىمىز دەيدىكەنمىز ئۇنى ئۆگىنىشكە تىرىشىشىمىز، ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلى ھەرىكەتلىرىمىزگە ياخشى تەتبىقلىشىمىز لازىم.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت)

# 2015-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇسۇف ما جىن ئۆمەك مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرغان پىدا، گەنسۇ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەسەن شياۋ يىچۇن، چىڭخەي دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ما ۋېنبياۋ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى نەبىل ما جۇڭپىڭ، ئىمادىددىن ۋېن جيەن قاتارلىقلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەيفۇددىن بەي لىيەنخې باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2015-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا مۇلازىمەت خىزمىتىدە بولدى.

2015-يىل، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن 14مىڭ 528 مۇسۇلماننى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، 2015-يىل دۇنيا بويىچە مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 1 مىليون 952 مىڭ 817 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن چەت ئەللىك ھاجىلار 1 مىليون 384 مىڭ 941 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 750مىڭ 564 ئەر، 634مىڭ 377 ئايال بار. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج قىلغۇچىلار 567 مىڭ 876 كىشى بولغان. ئۆتكەن يىلىغا باققاندا بۇ يىل ھەج قىلغۇچىلاردىن 5439 كىشى ئازلىغان.

جۇڭگو ھاجىلىرى 2015-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان 47 ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ، لەنجۇ، كۈنمىڭ، يىنچۇەن ۋە ئۈرۈمچى ئايروپورتلىرىدىن يولغا چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ساق-سالامەت يېتىپ بارغانىدى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، "تەرتىپلىك ھەج قىلىش، مەدەنىي ھەج قىلىش ۋە بىخەتەر ھەج قىلىش"نى نىشان قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن سىياسىي بىخەتەرلىك ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەربىر جەرياندىكى خىزمەتلەردە بىخەتەرلىكنى قوغداش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنداپ، "ئادەمنى ئاساس قىلىش، ھاجىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" ئېڭىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلدى. بۇ جەرياندا جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، ئازادە ۋە خاتىرجەم ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئالدىن ياتاق تەييارلاش، ئايروپورتتا كۈتۈۋېلىش، شۇنىڭدەك مىنا، ئەرافات رايونىدىكى يېمەك-ئىچمەك، تۇرار-جاي، قاتناش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ھەمدە ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئاخىرىدا ھاجىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋەتەنگە يولغا سېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارىجى ئىشلارغا دائىر بىر قاتار پائالىيەتلەردە بولدى: ئۆمەك باشلىقى ئادىل ھاجى كېرىم بىر قىسىم ئۆمەك مەسئۇللىرى ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى دوكتور بەندەر بىن مۇھەممەد ھەججار، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركى، مەككە شەھىرىنىڭ باشلىقى ئۇسامە ئەپەندى، سەئۇدى ئەرەبىستانى تاشقى ئىشلار ۋازارىتى غەربىي رايون مەھكىمىسى باشلىقى مۇھەممەد تەييىب ئەپەندى قاتارلىق ئەربابلارنى زىيارەت قىلدى؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن ئەندەرقىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، دۆلىتىمىز ھاجىلىرىنىڭ مەككەدىكى، بولۇپمۇ پەرز ھەج مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىك، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش، يېمەك-ئىچمەك، تازىلىق، قاتناش ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. ئادىل ھاجى كېرىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ دۆلىتىمىز ھاجىلىرىغا تەمىنلىگەن

ئەلا مۇلازىمىتى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى ھەمدە بۇ يىلقى ھەج خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى، دۆلەت سىرتىدىكى ھەج خىزمىتىنىڭ داۋاملىشىش ئەھۋالىنى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئېلېكترونلۇق مۇلازىمەت قانىلىغا كۆرە قوللانغان ئاكتىپ تەدبىرلەر ۋە ئۇنىڭ بەرگەن ياخشى ئۈنۈمىنى تونۇشتۇردى. ئۇ بۇ يىلقى ھەج خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە مەزكۇر ئورگانغا مۇنداق ئۈچ تەكلىپنى بەردى: بىرىنچى، دۆلىتىمىز ھەج ئۆمىكى ۋە ھاجىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچى، ئوتتۇرا شەرق نەپەس يولى كېسەللىكى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، دۆلىتىمىز ھەج ئۆمىكىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇش؛ ئۈچىنچى، ھەج پائالىيىتى ئورنىدىكى ياتاق، تاماق، تازىلىق، ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئەسلىھەلىرى ۋە شارائىتلارنى داۋاملىق ياخشىلاش. مۇھەممەد ئەمىن ئەندەرقىرى دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھەجگە تەشكىللەش ۋە ھاجىلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ تەشكىللەش قابىلىيىتى ۋە جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى باشقا دۆلەت ھاجىلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى دەپ قارىدى ھەمدە جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھاجىلارغا تېخىمۇ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش بىزنىڭ تۈپ پرىنسىپىمىز ۋە نىشانىمىز، دېدى.

خىزمەت ئۆمىكى يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرىنى يوقلىدى، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، خىزمەت ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە ئاساسلىق گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ يىلقى ھەج قىلىش ئەھۋالى، دۆلىتىمىز ھەج خىزمىتى ئۆمىكىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى تەرەپنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن توختام بويىچە جۇڭگو ھاجىلىرىغا ۋىزا ئېلىش ئىشلىرىدا ئېلېكترونلۇق مۇلازىمەت قانىلى ئارقىلىق نورمال خىزمەت قىلغانلىقى، تۇنجى قېتىم يېمەك-ئىچمەك شىركەتلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئورتاق غىزالىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتى ھەم ھەج خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك گېزىتلىرىدە يۇقىرىقى ئەھۋاللار توغرىسىدا خەۋەرلەر بېسىلدى.

ھەج مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لى چېڭۋېن، جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئەنۋەر ھەبىبۇللا قاتارلىقلار مەككە مۇكەررەمەگە كېلىپ ھاجىلاردىن سەممىي ھال سورىدى. خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەرنى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ شۆبە ئۆمەك مەسئۇللىرىنى كونسۇلخانىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ، 2015-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. (ئا)

## جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ "بىر بەلباغ بىر يول" قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان "جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ 'بىر بەلباغ بىر يول' قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جيەنيۇڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، مىسىر ئەزھەر ئالىي دەۋەت كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى شېرىپ مۇھەممەت بەدرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، مۇئاۋىن باشلىقى كۇاڭ شېڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى لى دەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو، ئوسمان ۋاڭ شۇلى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋە "بىر بەلباغ بىر يول" تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرى، دۆلىتىمىزنىڭ "بىر بەلباغ بىر يول" لىنىيەسىگە جايلاشقان مۇھىم ئۆلكە، شەھەرلەردىكى مۇسۇلمان كارخانىچىلار، "بىر بەلباغ بىر يول"غا مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئەرەب ئەللىرى مەشھۇر دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىكىلەر بولۇپ، 60 قا يېقىن كىشى بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

www.uyghurkitap.com



جاك جيەنيۇڭ يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: “يىپەك يولى ئىقتىساد ئۆزئارا يۈرۈشىدىغان سودا يولى، مەدەنىي ئالاقە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەدەنىيەت يولى، شۇنداقلا دىنلار تارقىلىدىغان ئېتىقاد يولىدۇر. قەدىمكى يىپەك يولى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ، ئوخشىمىغان دىنلار ئارىسىدىكى دىيالوگ ۋە يۇغۇرۇلۇشنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ دىنلاردىكى ئىدىيەۋى يېڭىلىق ۋە تارىخىي تەرەققىياتلارنى سىلجىتىپ، ئوخشىمىغان ئەقىل-پاراسەت ۋە نەتىجىلەرنى مۇجەسسەملىگەندۇر”. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: “بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى قوزغىتىپ ھەمدە مەركەزلەشتۈرۈپ، ‘بىر بەلباغ بىر يول’ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ماسلىشىش يولىغا مېڭىشى كېرەك. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسلام ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەمدە جانلاندۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىگە ئائىت ياخشى ھېكايىلەرنى سۆزلەش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ كەلگەنلىكىگە ئائىت ئېسىل ناخشىلارنى ئېيتىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دىيالوگ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دىن مەدەنىيىتى دىيالوگ سەھنىسى ھازىرلاش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىككە كېلىشى، چەت ئەلگە چىقىش، چەت ئەلدىن تەكلىپ قىلىش، سۆھبەت زىيارىتى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈش، مەدەنىيەت كۆرگەزمە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە دىيالوگ مېخانىزمىنى تۈرلۈك يوللار، كۆپ خىل قاتلام ۋە يۆنىلىشلەر بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ ‘بىر بەلباغ بىر يول’ لىنىيەسىگە جايلاشقان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى، ئىسلام دىنى زاتلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تاشقى ئەھۋالنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چۈشىنىش بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جەزبىدارلىق كۈچى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇرۇشى كېرەك؛ دىنىي ئىدىيە قۇرۇلۇشى، دىنىي خادىملارنى تەربىيەلەش، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش، ئېتىقادچى ئاممىنى تەربىيە ئارقىلىق يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، تەجرىبىلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، دىندا ئوتتۇرھال يول تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي زاتلار بىلەن ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىجابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمان ئاممىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت ئىناقلىقى، مەدەنىيەت گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئىجابىي ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، ‘بىر بەلباغ بىر يول’ قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى سەرپ قىلىشى كېرەك”.

مۇئاۋىن رەئىس بەدرىددىن گو چېڭجېن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: “ئىسلام دىنى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق يىپەك يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن، ‘بىر بەلباغ بىر يول’دا كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلەر بار، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارمۇ يىپەك يولى ئۈستىدە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بىلەن گەنسۇ، چىڭخەيدە 16 مىليون ئەتراپىدا مۇسۇلمان بار. شۇڭا جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ‘بىر بەلباغ بىر يول’ قۇرۇلۇشىغا قانداق خىزمەت قىلىشى كېرەك، دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش ناھايىتى مۇھىم، ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ‘بىر بەلباغ بىر يول’ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئىشلىرىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى بار. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەبىئىي يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ خىزمەتتە كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رول ئويناپ، ‘قەلبلەر بىر تۇتاش’ نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ، ‘بىر بەلباغ بىر يول’ قۇرۇلۇشىنىڭ راۋانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى شەرەپ بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىز ‘بىر بەلباغ بىر يول’ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا ھەمكارلىق ۋە ئورتاق مەنپەئەت ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلماقتا. شۇڭا جەمئىيىتىمىزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ھەمكارلىق، باراۋەرلىك، ئادىللىق، قوشنىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بار-يوقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ئۆزئارا ئىشىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش ئىدىيەسىنى ياخشى تەشۋىق قىلىشى، مەسئۇلىيەت بىلەن مەنپەئەتكە تەڭ كۆڭۈل بۆلۈش، مەسئۇلىيەتنى ئالدىغا قويۇش، ھەر ئىشتا يىراقنى كۆزلەش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق نەتىجە يارىتىشنى تەكىتلىشى كېرەك”. بەدرىددىن (داۋامى 51-بەتتە)

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2015 - يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

رەئىس يۈ جېڭشېڭ مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ............(1.1)

10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ..........................(3.1)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاسانلىققا باشلايدىغان رەھمەت دىنىدۇر ............ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(4.1)

ئىناقلىق — ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان يۈكسەك مەنىۋى نېمەتتۇر ............ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(4.2)

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش — ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر ............ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(4.3)

"كالامۇللاھ"نىڭ قۇرئان كەرىمدىكى سۈپەتلىرى ............ ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(4.4)

"ساۋاب" ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ............ مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا(4.8)

### قۇرئان كەرىم تەپسىرى

سۈرە «فەلەق»نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ............شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد(1.13)

دۇنيادىكى نېسۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن — سۈرە «قەسەس» 76 — 78 - ئايەتلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ............شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد(2.11)

ئۇ پەقەت رەھمەت ئەلچىسى — سۈرە «ئەنبىيا» 107 - ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ............ شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد(3.14)

قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى؟ — سۈرە «مۇلك» 1 — 2 - ئايەتلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ............ شەھابىدىن ئابدۇلئەھەد(4.16)

### قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

ئىمان كەلىمىسى توغرىسىدىكى بىر ئايەت ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ............ مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(3.17)

### ھەدىس شەرىف تەھلىلى

"ياللاپ ئىشلەتكەن ئادىمىڭلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇنىڭ ئاققۇزغان تەرى قۇرۇشتىن بۇرۇن بېرىڭلار" دېگەن ھەدىسنىڭ شەرھى ............ ئىسمائىل ياقۇپ(1.20)

سەدىقە بېرىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابى بولىدىغان ئىش - ئەمەللەر توغرىسىدا ............ مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(1.27)

"كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر" دېگەن ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى ............ مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(2.17)

"ئاراڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلىرىدۇر" دېگەن ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى ............مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(4.22)

### رەھمەت پەيغەمبىرى

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام............تاھىر قادىر(1.34)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى ............ ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(2.22)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا پاناھ تىلىگەن ئىشلار ............ ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(3.21)

### ۋەز-تەبلىغ

قىياپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، گۈزەل دىنىي ئوبرازىمىزنى تۇرغۇزايلى ............ ئابدۇلئەھەد دولقۇن(2.32)

نىيەتنى توغرىلاپ ئەمەللەرنى رىيادىن خالىي قىلايلى ............ئەكبەر ئىسمائىل(2.34)

بىراۋغا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى ............ تاھىر قادىر(3.28)

رەسۇلۇللاھ ۋەتىنىنى سۆيەتتى، يۇرتىنى سۆيەتتى ............ئالىمجان ئابدۇراخمان(3.34)

تەكەببۇرلۇق ۋە مەسخىرىۋازلىق توغرىسىدا ............ھۇسەنجان تۇرەك(4.27)

ئىسلام دىنى خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدۇ............بېكمۇرزا ئەركىنباي(4.30)

پەرزەنت تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى ............ئابدۇلئەھەد دولقۇن(4.34)

### ئەمەل-ئىبادەت

ناماز ۋە جامائەت نامىزى ھەققىدە.......... ئامانۇللا ھېزبۇللا(4.36)

### ئەخلاق-پەزىلەت

ھايا پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ ...............ئابدۇقاھار مەخسۇت(2.38)
مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاقىت قارىشى توغرىسىدا ..............ئەمەتجان ئابلىمىت(2.42)
ئىسلامدا يېتىمغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ...............ئەمەتجان ئابلىمىت(3.37)
پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ...................ئابدۇقادىر ئابدۇللا(3.41)

### ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە

ئائىلە ۋە ئائىلە كىرىزىسى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار ..........ئابدۇمىجىت مۇھەممەد، ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى(3.46)

### ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

«تارىخى رەشىدىي»گە ئىسلام نۇقتىسىدىن بىر نەزەر .................. ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى(1.48)

### ئىسلام بىلىم گۈلزارى

ئىمان ـ ئىسلام ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ..................... ئابدۇلئەھەت نۇرمۇھەممەد(1.42)
قۇرئان كەرىمدىكى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەلۇماتلار .................. ئامانۇللا ھېزبۇللا(2.46)
ئەرەبلەرنىڭ 100 يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ..............مۇھەممەد ئابدۇرېھىم(2.51)
ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار ......................ئابدۇقاھار مەخسۇت(3.56)
ئىسلام لۇغىتى ........................(3.20،27،45 ؛ 4.7)
ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ............... ھۇسەيىن مويىدىن(4.42)
مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسپانىيەدىكى تەرجىمە ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە........
........................................مۇھەممەد ئابدۇرېھىم(4.48)

### مەسچىت-مەدرىسلەر

قارىقاش ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى .................توختىمۇھەممەت نۇرمۇھەممەتنۇر(2.57)
يېڭىشەھەر دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتىنىڭ تارىخى .................... ئابباس قارى ھاجىم(3.57)

### جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار

شىزاڭدىكى مۇسۇلمانلار ..........................پەرھات يۈسۈپ(2.59)

### ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز

ئىسلام ئاخۇن داموللا...................................ئىسھاق مۇھەممەد(4.52)

### ئوقۇرمەنلەر ساداسى

پەزىلەت —— ئىلىملىكلەرنىڭ ھۆرمەتلىنىش قورالىدۇر..................ئىلتەرىش ئەزىز(1.57)
ياخشىلىقنىڭ ساۋابى..................................ئەنۋەر تاشتۆمۈر(2.62)
مۇسۇلمانلار كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى .................مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(4.54)
قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بېرەيلى.......................ئارافات ئىسلام(4.58)

---

(بېشى 62 ـ بەتتە)گو چېگىچىن بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق تىنچلىق، ھەمكارلىق، ئورتاق مەنپەئەت ئىدىيەسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ”بىر بەلباغ بىر يول“ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شېرىپ مۇھەممەد بەدرى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ”جۇڭگو ئۇزاق تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بىر دۆلەت. قەدىمكى يىپەك يولى جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم يولى. جۇڭگونىڭ ’بىر بەلباغ بىر يول‘ قۇرۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىشى جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھەمدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىندا ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دوستلۇقنى تەشۋىق قىلىپ، ’بىر بەلباغ بىر يول‘ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمەن“.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد خەۋىرى)



2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئەرەب دۆلەتلىرى ئاتاقلىق دىنىي زاتلار ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چىڭجېن بىلەن كۆرۈشتى.



2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ''جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ 'بىر بەلباغ بىر يول' قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى'' بېيجىڭدا ئېچىلدى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن 2015 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە تۈركىيە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن ''11 - نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى دىنىي داھىيلار يىغىنى''غا قاتناشتى.



2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، رۇسىيە مۇپتىلار ھەيئىتى رەئىسى، رۇسىيە فېدېراتسىيەسى ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى شەيخ لاۋىر غەينۇدىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2015 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ''دىيالوگ ۋە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش'' تېمىسىدىكى خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.



2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چەت ئەللەردىكى شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت مۇھاجىرلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2015 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنجاڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2015 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى. شىنجاڭ دىنىي زاتلار تەربىيەلەش سىنىپىدىكى 65 كۇرسانت جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى رامزان، قەلبىنۇر، شەمسىددىن، سىددىق تارتقان)




ISSN 1007-5836

9 771007 583001 12>

公 开 发 行

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
国际标准刊号：ISSN1007—5836
国内统一刊号：CN11—1346/B
国内邮发代号：（新）58—167
国外发行代号：Q1720
定价：5.00元

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن